ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ئىجادىيەت ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ھېكايىگە ھەقىقىي چىنلىق تۇيغۇسى بېرىشتە ئىسىم ـ فا-
مىلىدىن ئارتۇق نەرسە يوق. ئىسىم ـ فامىلىنى يوشۇرۇش ـ ئەڭ
زور ساختىلىق. ئويلاپ كۆرۈڭ، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ
ئىسىم ـ فامىلىسى بولمىسا، ئۇ نېمىگە ئايلىنىپ قېلىشى
مۇمكىن؟

**دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن**

تېما ياخشى تاللانسا، مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايسىز.

**دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن**

شائىرلار سۆز تىزغۇچىلار ۋە كىشىلەرنى ماختىغۇچى، سۆك-
كۈچىلەردۇر، ئۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈردەك، تەپەككۇر
قىلىش يولى قىلدىنمۇ نازۇكراقتۇر.

چوڭقۇر ۋە نازۇك مەنىلىك سۆزلەرنى چۈشىنەي دېسەڭ،
سۆزنى ئۇلاردىن ئاڭلا، ئاندىن چۈشىنىسەن.

نارىساڭ، ئۇلار كۆڭۈل دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، گۆھەر،
ئۈنچە ـ ياقۇت تېرىپ چىققۇچىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ماختىسا،

ماختىشى دەرھال ئەلگە يېيىلىدۇ؛ ئەگەر سۆكسە، كىشىنىڭ نامى يامان بولۇپ قالىدۇ.

ئەي قېرىنداش، ئۇلارغا ئېھتىيات بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۇلارنىڭ تىلىغا ئېلىنما. ئەگەر سەن ياخشى مەدھىيىنى خالىساڭ، ئۇلارنى خۇشال قىل.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

شائىر بىر نەچچە خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، مەرىپەت ئىلھامى بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ھاجەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى ھەمىشە مەنە خەزىنىلىرىدىن گۆھەر قېزىش، ئەل پەيزى ئۈچۈن شېئىر يېزىشتۇر. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، دىللارنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز تارتىدۇ ... بۇ خىلدىكى شائىرلار شېئىرنى ھەرگىز شۆھرەت ئۈچۈن يازمايدۇ.

يەنە بىر خىل شائىرلار ھەقىقەت سىرلىرىغا مەجازنى ئارلاشتۇرۇپ يازىدۇ ... بۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا مەجاز غالىب كېلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل شەكىلگە ئامراق كىشىلەرمۇ بار.

يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە بىر خىل شائىرلارمۇ باركى، ئۇلار پەقەت «شېئىر» نى يازالىغىنى بىلەنلا خۇرسەن، يازغانلىرىدىن رازىمەندۇر. ئۇنداقلار مىڭ مۇشەققەتتە بىر بېيىتنى قۇراشتۇرىدۇ ـ دە، شائىرلىق غوۋغاسىنى پەلەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، نەدىمۇ مەرىپەت بوستانلىرىنىڭ گۈللىرى بولسۇن؟ شېئىرلىرىدا نە زوق، نە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت بولسۇن!؟ بەزىلىرى ئەگەر بىرەر

ياخشى بېيىت يېزىپ قالسا، ماختىنىپ نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ دەۋا قىلىدۇ؛ ياخشىراق چىققان بىرەر بېيىتى ئۈستىدە ماختىنىپ ھارمايدۇ. ئەمما، قوپال، تېتىقسىز چىققان بېيىتلىرى ئۈستىدە زادىلا ئېغىز ئاچمايدۇ.

ياخشى يېزىلغان خەت، جايىغا قويۇلغان چېكىتلەر گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خالدەك، كىتاب بەتلىرىگە گۈزەللىك بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

خۇشخەت كاتىپ سۆزىگە زىننەت، ئوقۇغۇچىغا راھەت بېغىشلايدۇ. ئەگەر سەت بولسا، خەتتىكى مەنىلەر ئوقۇغۇچىنى مۇجمەللىككە سېلىپ قويىدۇ، ئەگەر خېتى چىرايلىق بولۇپ، خاتالىرى كۆپ بولسا، ئۇنداق خەت يازغۇچىنىڭ قولى پالەچ كېسەللىكىگە جۈپ بولغاي.

ئەلىشىر نەۋائى

خېتىمۇ ناچار، خاتالىرىمۇ جىق مۇنداق خەتنى يازغۇچى خۇددى ساقىلىنى بويىۋالغان بوۋايغا ئوخشاش مەسخىرىگە لايىق. مۇنداق ساقالنى قىرقىپ، ھاجەتخانىغا تاشلىغىنى ياخشى.

ئەلىشىر نەۋائى

ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ خېتى چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، مەزمۇنى بولسا، مۇنداق خەت دىلنى سۆيۈندۈرۈپ جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئەگەر مەھبۇب خېتى ناچار بولسىمۇ يامان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنىڭ خېتىنى ھېچقانداق چاغدا ناچار ھېسابلىمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچىلار غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال ئەھلى بولسا ھەر ئىككىلىسىگە جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ماھىر سازەندىنىڭ ساز ـ نەغمىسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھاياتى پىدا بولسا نە غەم. چۈنكى، كۆڭۈل، جان خوش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ. خوش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسى دەردمەنلەر قەلبىدىكى ئوتنى ئۇلغايتىدۇ. ئەگەر يېقىملىق بولسا، ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر ھەر سازەندە سازنى ناھايىتى كۈچلۈك دەرد ئىلكىدە چالسا، دەردتىن زەخمىناك بولغان يۈرەككە بەكرەك تېگىدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن ئىس چىقىرىۋېتىدۇ. سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئۆزى ئەقىللىق بولسا، تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادەم بالىلىرىنىڭ لەۋزى ۋە سۆز ـ ئىبارىلىرىنىڭ باغلىرى گۈلسىز ۋە رەيھانسىزدۇر. نەزمىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە شېرىنلىكى بىلەن ھارارىتى بولمىسا، ئىشق ھارارىتىنىڭ كۆيدۈرۈشى بولمايدۇ، ئۇنداق سۆزلەرنى يورۇقى يوق چىراغ، خۇشلۇقى يوق جامائەت دېسە بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

نېمىنى ئەلا دېسەڭ، شائىرنىڭ ئەلالىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئەلاراق.

ئەمما، ئەدنالىرى ـ توۋەنلىرى ھەممە توۋەندىن توۋەنرەك. ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىكىلىرى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. بەلكى ئۇلار توغرىسىدا شائىرلىقتىن ئېغىز ئاچماسلىق ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائى

شۇنداق ئۆتكۈر سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇلار خېلى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئاجايىپ ئېنىقلىق بىلەن بېرىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

شۇنداقمۇ ئېخچام ھېكمەتلىك سۆزلەر ياكى ماقالىلەر باركى، ئۇلارنى ھەممە كىشى بىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ھەممە ئادەم پايدىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ھېكمەتلىك سۆزلەرگە كىشىلەر ئىشەنمىگەندە ئىدى، ئۇلار ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگە يېتىپ كېلەلمەيتتى.

كونىتلىئان

خەلقنىڭ دانىشمەنلىكى، ئادەتتە ھېكمەتلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ن. ئا. دوبرولىيوبوف



ئېنىق، ئېخچام پىكىر قىلىش خەلققە خاس.

ئا. م. گوركىي

مەن ماقالىلەردىن ناھايىتى كۆپ نەرسىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ــئېنىق پىكىر قىلىشنى ئۆگەنگەنمەن.

ئا. م. گوركىي

ئىنسان تەپەككۇرى ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئۆلمەس خەزىنىلىرى مىڭ يىللار داۋامىدا سۆزگە جەملىنىدۇ ۋە ئەبەدىي ياشايدۇ.

**م. ئا. شولوخوف**

ئادەملەرنىڭ ئەقىل ـ ئىشەنچ قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلىرى خەلقنىڭ ئاجايىپ بېزەشلەردىن ئۆتكەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ئافورىزملىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**م. ئا. شولوخوف**

ئادەملەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئاجايىپ دانا ۋە غايەت گۈزەل ھېكمەتلىك سۆزلىرى بار. بىز ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

**ھېرودوت**

بۈيۈك پىكىرلەرگە ۋاقىتمۇ دەخلى قىلالمايدۇ. ئۇلار كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۆز مۇئەللىپلىرى مېڭىسىدە قانداق پەيدا بولغان بولسا، ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق جانلىق.

**س. سمايلىس**

مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە جايىدا قويۇلغان ھېكمەتلەر ھېچقاچان ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇلار ئەۋلادلاردىن ـ ئەۋلادلارغا ئۆتۈپ، پۈتۈن ئەسىرلەر داۋامىدا خاتىرىدىن ساقلىنىدۇ.

**ل. بېرنې**

ھاياتتا، زوروُر تېپىلغاندا بىز دائىم پۈشكىن، كرىلوف، گې-رىبويېدوفلارنىڭ ئافورىزملىرىنى ئىشلىتىمىز ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى ئافورىزملارنىڭ مۇئەللىپلىرىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇلار-دىن تولۇق خەلق دانىشمەنلىكى سۈپىتىدە پايدىلىنىمىز.

يا. كولاس

تاللانغان ئۇلۇغ پىكىرلەر، ئۇزۇندىلەر... گويا كۆپ قىرلىق ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئۇلار يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، چېچىلىپ ياتقان ئەقىل، بىلىم نۇرلىرىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە بۇ نۇرلارنى كىتابخان ئېڭىغا ئالاھىدە كۈچ ۋە جانلىق ھالدا مۇجەس-سەملەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋ. سۋىفت

ئايرىم پىكىرلەر باركى، كىشىنى چارچاتمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بىر يەرگە يىغىلغان نۇر ئېقىمىغا ئوخشايدۇ.

ب. بائۇست

ئەخلاق — ئۇزاقتىن - ئۇزاق گەپلەرگە، نەسىھەتۋازلىققا قا-رىغاندا، ئىخچامغىنە ھېكمەتلىك سۆزلەردە ياخشى ئىپادىلىنىدۇ.

ك. ئىممېرمان

ئافورىزملار ھايات دەرىخىدىن ئۈزۈلگەن مېۋىدەك بولۇشى كېرەك.

ۋ. نىزار

ئافورىزملار — كىچىك شەكىلدىكى دانالىق، پىكىر ۋە تۇيغۇلارنىڭ كۈچلۈك جەۋھىرى.

**ئۇ. ئولجېر**

ماقالىلەر چوڭ مەزمۇننىڭ 3 ـ 4 ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن شەكلىدۇر.

**ت. فوللېر**

بارلىق ھېكمەتلىك سۆزلەردىكى ئېنىقلىق مەلۇم دەرىجىدىكى قىسقىلىقنىڭ ھېسابىغا كەلتۈرىدۇ.

**س. جونسون**

شۇنداق پىكىرلەر باركى، ئۇلارنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە قوللىنىش مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن، بۇنداق پىكىرلەر كۆپچىلىككە قانچىلىك ماس شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان بولسا، ئەقىل بىلەن يۈرەككە شۇنچىلىك كۆپ ئوزۇق بېرىدۇ. ئۇلار شۇ دەرىجىدە چوڭقۇر ھېس قىلغان پىكىرلەر بولۇپ چىقىدۇ.

**ل. ن. تولستوي**

ئەخلاقىي ئافورىزملار مەنىۋى فرونتتىكى مۇستەھكەم نېگىزلەرنى، ئىنسان پائالىيىتى ۋە ئېڭىدىكى سەۋر ـ تاقەت ئاساسلىرىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى ئادەم ھاياتىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى، تۇرمۇش دانىشمەنلىكى، نۇقتىئىنەزەرلەرنى قىسقا شەكىلدە بايان قىلىدۇ.

**گ. گېگېل**

بىز كىشىلەرنىڭ پەقەت خىزمىتىنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ خاتىرىدە ساقلىنىشىمىز كېرەك. نۇتۇقلار، نامەلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر مەجمۇئەلىرى — ئاشۇ سۆز، ئاشۇ پىكىرلەرنىڭ ھەقىقىي خەزىنىسى.

ف. بېكون

مەشھۇر دانىشمەنلەر ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ كانى. ئۇەردىن ھەربىر كىشى ھايات ئۈچۈن پايدىلىق نۇرغۇن پىكىرلەرنى تېپىشى مۇمكىن.

فېوكرىت

تازا قەلبىدىن سۆز سۇمۇرگەن دانالارغا ئىشەنگىن، تازا قانغا سىڭگەن ھىد — ئۇزاق يىللار ساقلىنار.

گوراتسىي

ھېكمەتلىك سۆز ۋە ئافورىزملارنىڭ ھەقىقىي ھاياتى دانىشمەنلىك ھەم ئەدەبىياتنىڭ مېغىزى ئىكەنلىكىنى، ھېكمەتلىك سۆز ۋە ئافورىزملارغا باي كىتابلارلا كۆپرەك نەپ بېرىشىنى ئۇنتۇلماسلىق كېرەك. كىشىلەر كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ئاساسەن ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بايقاپ ئېلىشلىرى زۆرۈر.

ۋ. مورلېي

ھەر كۈنى ئاز بولغاندا بىر قوشاق ئاڭلاش، ياخشى بىر رەسىم

كۆرۈش، خالىغان بىر ھېكمەتلىك سۆزنى ئوقۇپ بىلىۋېلىش كېرەك.

ئى. گيوتى

كلاسسىكلاردىن ئۆگىنىش ئاجايىپ نەتىجە بېرىدۇ. دېگەندەك ئۇلاردا شۇنداق نەرسىلەر ئۇچرايدۇكى، ئۇ مېڭەڭگە ئورنىشىپ قالىدۇ، قېنىڭغا ۋە جىسمىڭغا ئۆتىدۇ.

يا. كومېنسكي

تەپەككۇر ئىگىلىرىنىڭ پىكىرلىرى بىلەن تونۇشۇش مېڭە ئۈچۈن تەڭداشسىز مەشىق. ئۇ ئەقىلگە ئەقىل قوشىدۇ ۋە پىكىرنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

ئى. گېردېر

قىسقا ئىپادىلەنگەن ئۆتكۈر پىكىرلەر ھاياتنى ياخشىلاشقا كۆپ خىزمەت قىلىدۇ.

تېستىسرون

چوڭقۇر پىكىرلەر ئەقىلگە قېقىلغان پولات مىخقا ئوخشايدۇ. ئۇلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىشقا بولمايدۇ.

د. دىدېرو



سۆزلەر، ئەسىرگە، پىكىرلەر بولسا ئەسىرلەرگە يېتىشىدۇ.

ن. م. كارامزىن

ئېنىق بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەر كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىڭىپ قالىدۇ. يىلتىز تارتىدۇ. گۈللەيدۇ. ھوسۇل بېرىدۇ ۋە دا- ئىملىق تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ف. بودېنشتېدت

پىكىر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆينى بېزەپ تۇرغان گۈلگە ئوخشاش كۆڭۈلنى بېزەيدۇ.

ئە. كانىپ

گۈزەل ئوخشىتىشلار گۈزەل پىكىرلەرگە زىننەت بەخش ئې- تىدۇ ۋە ئۇلارغا كۈچ بېرىدۇ.

ۋ. ھيۇگو

ھېكمەتلىك سۆزلەر ئەقىلنىڭ مۇستەقىل پائالىيىتىگە پەقەت بېسىم كەلتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، مۇستەقىل پائالىيەتكە ئۈندەيدۇ.

ل. ن. تولستوي

ئېنىق پىكىرلەرنىڭ ياخشىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇلار كىتاب- خانىنى جىددىي ۋە ئۆز ئالدىغا ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ل. ن. تولستوي

بەزى ھاللاردا ياشلارنىڭ «مەن بىرسىنىڭ ئەقلىي بويىچە يا- شايمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلايسەن. ئويلاپ يەتكەنلىرىنى ئويلاپ

ئولتۇرۇشنىڭ ساقا نېمە ھاجىتى؟ تەييارنى ئېلىپ، ئالغا كېتىۋەر. ئىنسانىيەتنىڭ كۈچى شۇنىڭدا.

ل. ن. تولستوي

ياخشى پىكىر قەيەردىن ئېلىنغىنىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈڭ- نىڭ پىشمىغان پىكرىڭدىن كۆپ ئەۋزەل. بۇ گەپ ئۆزىنى - ئۆزى چىرماپ، ھېچكىمنى تەن ئالماي يۈرگەنلەرگە تەربىيە.

ف. لامات - لېۋايي

مەن بولۇپمۇ زىددىيەتلىك ھادىسىلەرگە دىققىتىمنى قوزغات- قۇچى ۋە ئاشۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ بەرگۈچى ھەر تۈرلۈك ئىخچام ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قەدىرلەيمەن.

ئى. گيوتى

ئەقىللىق ئادەم دائىم بۈيۈك كىشىلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن يولنى تاللىشى ۋە ئاجايىپ شەخسلەرگە تەقلىد قىلىشى كېرەك. چۈنكى، مۇبادا ئۇ ئاشۇ بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن تەق- دىردىمۇ، ھەر ھالدا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۇنىڭ نۇرىنى ئالالايدۇ.

ن. ماكىئاۋېللى

ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى مەسىلە- سى يالغۇز بەدىئىي گۈزەللىكنى يارىتىش جەھەتتىكى گۈزەللىك مەزمۇنى ۋە گۈزەللىك شەكلى مەسىلىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ بارلىق ۋەقەلىك مەزمۇنى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى

ھېسسىياتى، مەزمۇنى، ئەسەرنىڭ ژانىر، كومپوزىتسىيە، ئۇسلۇب، بېيىت شەكلى، تىل، ئاھاڭ، رىتىم، سىزىق، رەڭ قاتارلىق ئېپادىلەش شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گۈزەللىكنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل مەسىلىسىدىن تاشقىرى، بىر قاتار باشقا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئېتنىك، ئەخلاقىي مەزمۇن ۋە شەكىل مەسىلىلىرىگىمۇ تۇتىشىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى يورۇتىدىغان خاس تېما.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئېستېتىك قىممەت بەدىئىي ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىنلىقى، ماھىيەتلىكلىكى، ئوبرازى، تىپىكلىكىنى، ئىندىۋىدۇئاللىقى، تىلى ۋە ئىستىلى ئارقىلىق جانلىق ئىنسانىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى زامان مۇھىتىغا خاس ھايات تەقدىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈچلۈك ئېستېتىك قىممەت يارىتىدۇ. ئۆلمەس ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ئېستېتىك خاراكتېرى شاراپىتىدىن ئۆلمەستۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تىل ـ يېزىق ـ ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي قۇرۇلما ۋە خاراكتېر ئوبرازى يارىتىشتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت ۋاستىسى، ئۇ مۇزىكىدا ئاھاڭ، رەسساملىقتا شەكىل، رەڭ، ئۇسسۇلدا بەدەن ھەرىكىتى قانداق بەدىئىي ۋاستە، بەدىئىي ھاۋالە بولسا، ئەدەبىياتتىمۇ خۇددى شۇنداق ئورۇن تۇتقان بولىدۇ. تەكىتلەش ھاجەتكى، تىل ـ يېزىق ئەدەبىياتتا بەدىئىي ۋاستە، بەدىئىي ھاۋا بولۇپ، ئەدەبىياتتىكى تىل ئادەتتىكى تۇرمۇش تىلى ئاساسىدا «قايتا ئىشلەنگەن» بەدىئىي

تىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتىكى تۇرمۇش تىلىنىڭ ئۆزى ئەمەس.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىر رېئاللىقى ۋە ئىدىيىۋى ھېس-ئارزۇسىدىن چىنلىقى ۋە تارىخىي خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي قىياپىتى، تارىخىي تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىشى، خەلقنى خەلققە ئەينەن ۋە ئۈمىدۋار قىلىپ تونۇشتۇرۇشى، خەلق تەقدىرىنى خەلققە تاپشۇرۇشقا يېتەكلىشى لازىم، ئەدەبىياتتىكى توقۇلما، رېئاللىقتىن ئايرىلغان «ئىككىنچى تۇرمۇش» نى ئىنسان تەقدىرىگە ئائىت ھەقىقىي ئىجتىمائىي تېماتىكىدىن ئايرىلغان باشقا غەيرىي مەۋجۇت ھېكايەتنى ياساپ چىقىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي رېئاللىقىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىشى لازىم. بۇ ئەدىبتىن ئالەمشۇمۇل — تارىخىي قىممەتكە ئىگە پىكىر قىلىشنى ۋە ئۇنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

يازغۇچىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ قانچە ئەسەر يازغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەسىرىدە خەلق سەنئەتچىسى بۇرچىنى قانچىلىك ھالاللىق، قىزغىنلىق ۋە يۈكسەكلىك بىلەن ئادا قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنداق بولمىغان ئەدەبىيات شەكلەن ئەدەبىيات، نوقۇل ۋەقە ئەدەبىياتى، خەلق پېرسوناژ قىلىنمىغان ئەدەبىيات، جانسىز ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

بەدىئىي ئىجادىيەت (evitaerc) ئىستېتىك پائالىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ۋە ئەڭ پائالىيەتچان قاتلىمىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

بەدىئىي ئىجادىيەت — سەنئەت گۈزەللىكى ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن بەدىئىي ئەسەر يارىتىشنىڭ ئاساسلىق ھالقىسى. بەدىئىي ئىجادىيەتسىز بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ، سەنئەت سەمەرىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

بەدىئىي ئىجادىيەت — ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ سىرتلىنىش شەكلىدىن، سەنئەتچى مېڭىسىگە جەمغىرلەنگەن ۋە كومپوزىتسىيىلەنگەن ئىجادىيەت ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئىجادىيەت بىناكارلىق جەريانىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭسىز «ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرى» ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا ئاساس سالالمايدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**



بەدىئىي ئىجادىيەت — ھوسۇلدار ھالەتكە يەتكەن ۋە خۇش پۇرىقى ئىجادىيەت ئىلھاملىرىغا قايتا ئىلھام ھەم رىغبەت سېلىۋاتقان ئاڭلىق ۋە مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق پىششىق ئىجادىيەت ئۆركىشىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ئىجادىيەت — ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ئىمتىيازى، ئىنساننىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا قانۇنىيەتلىرى ۋە گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئېلىپ بارىدىغان ئىجادىي پائالىيىتى. ئىجادىيەت ئىبارىسى ھازىرقى كۈندە «يوقنى پەيدا قىلىش» چۈشەنچىسىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئەمەلدە «بار نەرسە» ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان «يوقنى پەيدا قىلىش» تىن ئىبارەت. روشەنكى، ئىجادىيەت ئىبارىسى كاتېگورىيىلىك مەنىدە ئۆز دائىرىسىدىلا «يوقنى پەيدا قىلىش» تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نىسبىي دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە سەپسەتە ۋە سوفىستىكىغا ئايلىنىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ئىجادىيەت ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ مەنپەئەتلىك، ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ ئېپتىخارلىق بىر ساھەسى سۈپىتىدە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك تەپەككۇر شەكلىگە ئاساسلانغان ئىجادىيەت، يەنە بىرى بەدىئىي خاراكتېرلىك تەپەككۇر شەكلىگە ئاساسلانغان ئىجادىيەت، ئېيتىش كېرەككى ئىجادىيەتتىكى ھەر ئىككى تەپەككۇر شەكلى بىر - بىرىدىن مۇتلەق ئايرىلغان ھالدا، يەككە - يېگانە داۋاملاشمايدۇ. بۇ تەپەككۇر شەكىللىرى ئارىسىدا ئومۇمىي مەنتىقىي باغلىنىش، گرامماتىكىلىق باغلىنىش، پسىخىك باغلىنىش ۋە تەسەۋۋۇرچان ياكى ئوبرازلىق باغلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر ئىككى ئىجادىي خاراكتېرلىك تەپەككۇر شەكلى ئىنسان بىلەن دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى

ئارىسىدا زۆرۈرىي باغلىنىش ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

ئىجادىيەت ئىنسان تەپەككۇرى ۋە پائالىيىتىدىكى شۇنداق بىر مەلەكەكى، ئۇنىڭ شارائىتىدىن ئىنسان ھايۋانىي ئىقتىدار ھېسابلانغان ئاددىي رېفلېكسلىق، ئىنستىنكتلىق تار پائالىيەت چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن تاللاش ۋە ھەر قايسى تۇرلەرگە خاس «ياساپ چىقىش» مۇمكىنلىكىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. نەتىجىدە يېڭى دائىرىلەر ئېچىلىدۇ ۋە ئىنسان جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە كامالەتكە ئېرىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەت مۇئەييەن مەھسۇلات ياكى ئەسەر يارىتىدىغان پائالىيەت سۈپىتىدە ئومۇمەن ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ خۇسۇسەن، ئىنسان ئېڭى، ئاڭلىق تەپەككۇرى قايناق ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كېلىدۇ، مۇئەييەن ئىدىيىنى، ئىرادىنى، مەقسەتنى، ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئۇنۇمدارلىقنى نىشانلىغان بولىدۇ. بۇ نۇقتا پۈتكۈل ئىجادىيەت تارىخى تەكرار ئىسپاتلىغان ئومۇمىي ھەقىقەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاڭلىق تەپەككۇرنى ۋە ئاڭلىق مەقسەتدارلىق، ئاڭلىق تىل ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان ئاڭلىق تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانلىرىدىن تاشقىرى ئىنسان رو-

ھېيتىندىكى ئاڭلىق بولمىغان، ئادەتتىكى تەپەككۇر ياكى بىر قەدەر تۆۋەن قاتلامدىكى پسىخىك ئامىللارنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتتە مەلۇم دەرىجىدە، ھەتتا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلماسلىق لازىم. بۇ ئامىللارنىڭ ئىنسان مەنىۋى پائالىيىتىدە تۇتقان سالمىقى چوڭ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەتمۇ خۇددى ئىلمىي ئىجادىيەتتەك ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئومۇمىي ئىشتىراكىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. ئۇ تۇغما ۋە ئېرىشىلگەن، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز، پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك، ئىجتىمائىي ۋە شەخسكە تەئەللۇق، ئەنئەنىۋى ۋە رېئال ئامىللارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مۇرەككەپ تەسىرى ۋە مۇجەسسەم قوشۇلمىسى ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىجادىيەت سۇبيېكتى بولغان سەنئەتچىنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئىجادىي ئىقتىدارى ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

— ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ـ پسىخولوگىيىلىك ساغلاملىقى ۋە ئۇنىڭ يېتەرلىك كامالىتى؛

— ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىگە خاس قابىلىيىتى ۋە تالانت خاسىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسى؛

— ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئىجادىيەت نىيىتى ۋە ئىجادىيەت

مەزمۇندارلىقى؛

—ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، مەدەنىيەت قاتلاملىرى، بىلىم كەڭلىكى ۋە ئۇنىڭغا بولغان جانلىق مۇناسىۋىتى؛

—ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرى، ئۆزىنىڭ مۇھىتقا بولغان پائالىيەتچان ئالاقىسى؛

—ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ تۇرمۇشنى تەشكىللىشى، تۇرمۇش رىتىمدارلىقى، ئائىلىۋى مۇھىتى، ۋە ھاكازالار.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەت ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى، سىياسىي مۇھىت جامائەتچىلىكىنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەتكە يەنە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تەكشىلىك قانۇنىيىتىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. سەنئەتكار ئاساسەن ئۆزى ياشىغان دەۋردە گۈللىنىشتىن قالغان سەنئەت ژانىرلىرى بويىچە ئەمەس، بەلكى راسا گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن سەنئەت ژانىرى بويىچە بەدىئىي ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



بەدىئىي ئىجادىيەت نەزەرىيىسى چوڭ تېما. ئۇ تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە پەلسەپە مەسىلىلىرىگە تۇتىشىدۇ. مۇئەييەن تارىخىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىلىق شەرت ـ شارائىتىنى مۇئەييەن دېموكراتىك ياكى ھا-

كىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈمنى مۇئەييەن ئەنئەنىۋى ئىنىرتسىيە ۋە يېڭىلىق رىغبەتچىلىكىنى سەنئەت تۈرلىرىدىكى مۇئەييەن بىر تۈرنىڭ ژانىرىنىڭ گۈللەش ياكى چۈشكۈنلىشىش ھالەتلىرىنى مۇستەسنا قىلغان ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىللىرىنى يورۇتقىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئەسەر رېئاللىقنىڭ كونكرېت سەنئەتچە مېڭىسىدە قايتا ئىشلەنگەن ئوبرازلىق ئىنكاسى ۋە لىرىك ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت ئىجادىيىتى گۈزەللىك قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاڭلىق پائالىيەتكە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. مەيلى «ئالدىنقى ھالەتتىكى ئاڭ»، «ئىچكى تۇيغۇ»، ئىنسانىيەتكە ئورتاق «كوللېكتىپ ھالەتتىكى ئاڭدىن خالىيلىق»، «خىيالەنلىك» قاتارلىق ئاڭدىن تۆۋەن پسىخىك ئويغىنىشلارنىڭ تەسىرى قانچىلىك بولمىسۇن، ئۇلار يەنىلا ئىنسانغا خاس ئىجتىمائىي ئاڭنى ئاساسىي ھالقا قىلىپ ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئاڭ ۋە ئاڭدىن تۆۋەن پسىخىك ئويغىنىشلار قانچىلىك ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئوبيېكتىپ مۇھىت، تاشقى ئالەم، رېئاللىقنى ئىنكاس قىلىشتىن ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، روھىي ئىنكاسنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات چىنلىقى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى ئېستېتىكىلىق قانۇنىيىتى ھې-سابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تۇرمۇش چىنلىقى سەنئەتچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيات چىنلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى: سەنئەتچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېس-سىيات چىنلىقى تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىنكاسى. ئېيتىش كېرەككى، چىنلىق — سەنئەتنىڭ ۋەقەلىك بولىقى بو-لۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە سەنئەتچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيات چىنلىقىنىڭ كۆز قارىچۇقى. تۇرمۇش چىنلىقى سەنئەتچىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئويغاتقان سىگنال، ئۇنىڭغا تېندىنسىيە، ھېسسىيات بېغىشلىغان ئېنەك، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئىلھامىنى قوزغاتقان ماتور. تۇرمۇش چىنلىقىسىز سەنئەتچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيات چىنلىقىنى، سەنئەتچىنىڭ رېئال ئىجتى-مائىي تۇرمۇشتىكى غايىسى ۋە مەۋقەسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



تۇرمۇش چىنلىقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى رېئال مۇنا-سىۋەت، «ئىنسانىيەت مۇناسىۋەتلىرى» چىنلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دەۋرنىڭ ئىنسانىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى مەركەز قىلغان خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى تارىخىي

يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن سەن-
ئەتچىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىرلىشىپ
ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىك شەكلىدىكى ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئېڭى
— ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ئېڭى - ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش ئېڭى
بولغان سەنئەتنى شەكىللەندۈردۇ. بۇ ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى
تۇرمۇشتا كۆرۈۋېلىشىغا ئاساس سالىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق كۆرۈ-
ۋېلىش بولمىسا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتالاملىق ئېستېتىكا»دىن**

چىنلىق — بەدىئىي ئەسەرنىڭ نوپۇزى، ئىناۋىتى، ئىشەنچى
ۋە شۆھرىتى، بەدىئىي ئەسەر چىنلىقنى ئىپادىلىمىسە، ھەتتا ئۇ
فانتازىيىلىك توقۇلمىلار ئارقىلىق بولسىمۇ تۇرمۇش چىنلىقى،
تارىخنىڭ ماھىيەت چىنلىقى، ھېسسىيات چىنلىقىنى گەۋدىلەن-
دۈرمىسە زوقلانغۇچىلارنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.
**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتالاملىق ئېستېتىكا»دىن**

سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تۇرمۇش چىنلىقى، ئىدىيىۋى
ھېسسىيات چىنلىقى، ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر قۇرۇلمىسى
قاتارلىق ھالقىلار تىپىكلەشكەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان بەدىئىي ئوب-
راز يارىتىشقا مۇجەسسەملىشىدۇ. تىپىكلەشكەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللاش-
قان بەدىئىي ئوبراز بەدىئىي ئەسەرنىڭ جېنى، بەدىئىي ئىجادىيەت-
نىڭ مەركىزىي ھالقىسى. تىپىكلەشكەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان بە-
دىئىي ئوبراز يارىتىش جەريانى ماھىيەتتە بەدىئىي كومپوزىتسىيە
جەرياندىن ئىبارەت. ئۇ سەنئەتچىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىدىن

ئېستېتىك تەسىرلىنىشى ۋە ئېستېتىك ئىدىيە تەسىرىدە ئېستېتىك ئىجادىيەتكە كىرىشىشنىڭ راۋاجى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئەسەردە بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نەرسە بەدىئىي ئوبرازنىڭ تىپىكلىكى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

كومپوزىتسىيە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى قۇرۇلما بىناكارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ رولىنى يېتەرلىك تەكىتلەش كېرەك. ئۇنىڭسىز ئىجادىيەت سۇبيېكتى ئىجادىيەت مەھسۇلىغا ئايلىنالمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سەنئەتچىنىڭ بىرلىق قابىلىيىتى پارچىلاش بىلەن قۇراشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان كومپوزىتسىيىدە ئاشكارا گەۋدىلىنىدۇ. رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئۇسسۇل، بىناكارلىق سەنئەتلىرىدە كومپوزىتسىيە كۆرۈنۈشلۈك، ئوبرازلىق شەكىل ھاسىل يولى بىلەن ئۆز ئىشىنى تاماملىسا، شېئىر، رومانلاردا، جۈملىدىن مۇزىكىدا كومپوزىتسىيە تەسەۋۋۇرلۇق، ئوبرازلىق قۇرۇلما ھاسىل قىلىش بىلەن ئۆز ئىشىنى ئادا قىلىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

بارلىق بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا سەنئەتچىنىڭ تۇرمۇشتىن ئېستېتىك تەسىرلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ۋە ھېسسىياتلىرىنى يانداشتۇرۇشى مۇھىم بىر باس-

قۇچ بولسا، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي ئوبرازنى مەركەز قىلغان ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنى شەكىللەندۇرۇشى يەنە بىر مۇھىم باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچنىڭ بارلىق نەتىجىلىرى تېخى سەنئەتچى كاللىسىدا، ئېستېتىك ئاڭ ۋە تەسەۋۋۇر شەكلىدە تۇرغان بولىدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەش جەريانى ئارقىلىقلا بۇ خىل ئاڭ شەك-لىدىكى ئوبرازلار كىشىلەر زوقلىنالايدىغان، ھېسسىي خاراكتېر ئالغان بەدىئىي ئوبرازلارغا، بەدىئىي ئەسەرگە ئايلىنالايدۇ. بۇ بىر قەلبتىكى نەرسىنى ماددىيلاشتۇرۇش، سىرتلاشتۇرۇش، بەدىئىي ئەسەرلەشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا ئى-جادىيەت سۇبيېكتىدىكى ئېستېتىك پسىخىك نەتىجىلەر زوقلى-نىش ئوبيېكتىدىكى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلىنالايدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

سەنئەتچى ئۈچۈن ئىلھام، تالانت ۋە ئۇسلۇب مۇھىم ئېستې-تىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئۇ پۈتكۈل مەنىۋى مە-دەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىختىساسلىق كىشىلەر تەتقىقاتىدىكى بۇ مۇھىم تېماتىكا، ئۆز نۆۋىتىدە ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە ئىجادىيەت نەزەرىيە-سى تەتقىقاتىدىمۇ، جۈملىدىن بەدىئىي ئىجادىيەت تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ئىلھام (nciteripsni) بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى. بولۇپمۇ بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم تۈرتكىسى.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ئىلھامنىڭ ھەر بىر ئىجادىيەتچىگە، ھەر قېتىمدا ھەر خىل روھىي جىددىيلىك شەكلىدە كېلىدىغانلىقى پاكىت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

ئىلھام ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى خاراكتېرلىك ئالاھىدە روھىي ئويغۇنلۇق ۋە مۇنداق ئالاھىدە روھىي ئويغۇنلۇق بىلەن باشلانغان توغرىدىن توغرا ئىجادىي ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت.

ئىلھام ئايرىم ئىلىپ قارالغاندا بىرىنچىدىن، تويۇقسىز كې-لىدىغان، ۋاقىتلىق كۆرۈنىدىغان، ئىككىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن روھىي ئويغۇنلۇق بولۇپ گەۋدىلىنىدىغان ئۈچىن-چىدىن، كۈچلۈك ئىجادىي يېتىلىشنى ئىپادىلەيدىغان توغرىدىن توغرا ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن تۇتاشقان ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر شەكلىدىن ئىبارەت. ئىلھام ئىجادىي خاراكتېرلىك تە-سەۋۋۇرنىڭ ئالاھىدە شەكلى سۈپىتىدە ئۆزۈن مۇددەتلىك تۇرمۇش-تىن تەسىرلىنىش، پىكىردە بەدىئىي كومپوزىتسىيە ئويۇشتۇرۇش، مەلۇم بىر نەرسە ياكى مەلۇم بىر تېما ئۈستىدە كۆپ قېتىملىق پارچە ـ پارچە ئويلىنىش ئېلىپ بېرىش، خاتىرىدە ئىدراكىي ھېس ئىزنالىرىنى توپلاش ئاساسىدا، ئاندىن تويۇقسىز ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن



تالانت ــ مۇئەييەن كىشىدە، مۇئەييەن ساھە بويىچە مۇئەييەن توغما مۇمكىنلىك ئاساسىدا، مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان ئىجادىيەت ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسلۇبى — بىر تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈلمە سەنئەتكار ئىجادىيىتىدىكى تەكرارلانماس تىپىنى، سىستېمىنى، گەۋدىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. بۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئېرىشىلگەن ئەڭ ئالىي ئىجادىيەت مەلەكىسى، ئەڭ ئالىي سەنئەت گۈزەللىكى ئىجاد قىلىش دەرىجىسىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ئىجادىيەت، مەيلى بەدىئىي ئىجادىيەت ياكى ئىلمىي ئىجادىيەت بولسۇن، مەيلى كوللېكتىپ ئىجادىيەت بولسۇن، يەنىلا شەخسنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئاساسىدا ئورۇندىلىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى خاسلىق ھەر بىر ئۆمىدلىك سەنئەتكار چوقۇم يېتىشتۈرۈشى لازىم بولغان ئىجادىيەت سەۋىيىسى ۋە ماھارەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ باشقا سەنئەتچى تەقلىد قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالالمايدىغان ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن ئىبارەت. سەنئەت مۇشۇ ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقىدا گۈزەللىكنى ئىپادىلەشنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

ئىجادىيەتتىكى خاسلىق ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ تۇغما ۋە ئېرىشلمە ھەر ئىككى تەرەپلىملىك پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە خاراكتېر كونكرېتلىقىغا؛ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا؛

مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بىلىم قاتلىمىغا؛ تۇيغۇلۇق، پىكىر راۋانلىقى، ئومۇملاشتۇرۇش كۈچى، كومپوزىتسىيىلەش ئىقتىدارى، تەپەككۇر خاسلىقى، ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق ئەقلىي - ھېسسىي ئالاھ- دىلىكىگە قاراپ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

ئىجادىيەت خاسلىقى روھىي ساغلاملىق ۋە يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسى، جۇملىدىن مول ئىجادىيەت ئادىتى ئاساسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجادىيەت جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. ئۇ سەن- ئەتكارنىڭ تارىخىي قاتلىمى، مەدەنىيەت قاتلىمى، ئىجادىيەت قات- لىمىغا خاس بولۇپ، ئىجادىيەت سۇبيېكتىدىكى بۇنداق خاسلىق سەنئەت ئىجادىيىتىنى رەڭمۇرەڭ قىلىپ گۈللەندۈرۈشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

بەدىئىي ئىجادىيەت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تەرەققىيات، بىلىش تەرەققىياتى دەرىجىسىدىن، دەۋر روھى سەۋىيىسىدىن ئاي- رىلمايدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

بەدىئىي ئىجادىيەت ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلىدىكى پائالىيەت. پائال ئەكس تەسىر كۆرسىتىش ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي خىزمىتى ۋە ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن**

سەنئەتتىن زوقلىنىش (بەدىئىي زوق) سەنئەت ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتىن (بەدىئىي باھادىن) ئايرىلمايدۇ. بەدىئىي ئەسەرگە باھا بېرىش — بەدىئىي زوقتا ئاساسلانغان بولىدۇ. بەدىئىي ئەسەرگە باھا بېرىش — بەدىئىي زوقتا روشەن تۈس بېغىشلايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

بەدىئىي ئىجادىيەت ماھىرلىرى ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق — پەزىلەت، ئىرادە - جاسارەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە بىھۇدە ماختاشلار بىلەن ئورۇنسىز ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان ئاڭ كامالەتىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئۇلار بۇ خىل روھىيەت ئوق - سادىقلىرىغا بېرىلىنچىدىن پىسەنت قىلماسلىقى، ئىككىنچىدىن، ئۇنى ئەجابىي جەھەتتە پايدىلىنىشنى بىلىشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن مەقسەت ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى بىردەكلىك قانۇنىيىتى، ۋارىسلىق قانۇنىيىتى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى قاراشلىرىنى داۋاملىق تىكلەشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دىن



ئىلھام، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى خاراكتېرلىك ئالاھىدە روھىي ئۇيغۇنلۇق ۋە مۇنداق ئالاھىدە روھىي ئۇيغۇنلۇق بىلەن باشلانغان توغرىدىن توغرا ئىجادىي ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئىستېتىكا» دىن

ئىستېتىك ئېقتىدار بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى پۈتۈن ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئىنسانىيەتسىز سەنئەتنىڭ، سەنئەتچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

بەدىئىي زوق، خەلقنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېستېتىكىلىق لەززەتلىنىش ۋە ئېستېتىكىلىق باھا بېرىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇ سەنئەتنىڭ ئۆز ئىجتىمائىي تەسىرىنى جارى قىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان خەلق، ئۇنداق تارىخنى قايتا يارىتىشى مۇمكىن. ئەمما ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى مۇمكىنلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان قىممەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» تىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەدەبىيات شەكلىدىكى بىلىش ھەرىكىتىدىن، نەزم ـ نەسر شەكلىدىكى تەپەككۇر ھەرىكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كىشىلىك ئىلمى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش جاھاننەماسى، ئۆز يولىنى يورۇتۇشىنىڭ مەشئەل چىرىغى، ئۆز ـ ئۆزىنى ئويغىتىش، قايتا

ئويلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇيقۇ ئۇچۇن ئەللەي ناخشىسى، بىخۇدلۇق مەي سۆھبىتى ھاماقەتلىك مەدھىيىسى ۋە ئەدىبلىك شۆھرىتىنىڭ تەنتەنىسى ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» دىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەپەككۇرى ۋە يازما ئىجادىيىتىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن مۇزېي كۆرگەزمىسى ئەمەس!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» دىن

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات ئىلمى تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن، مىللەت، زامان ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىدىن ھالقىغان ئىلمىي نەزەر ۋە ئىز قوغلاش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ بەدىئىي خەزىنىسى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئۇچۇر قاتلاملىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» تىن

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات يۈزلىنىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى كامالەت بوسۇغىسى؛ ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي خەزىنىسى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجادىيەت سىمانتىكىسى (مەنىدارلىقى) نى ئىگىلەشتىكى قايتا ئىزدىنىش ئىلھامچىسى؛ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىر، يېڭى يىپەك يولىغا لايىق يېڭى گۈللىنىشىنىڭ يېڭى باغۇەنلىرىدىن بىرىنىڭ

يۈزلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى يىـ
پەك يولىغا قەدەم قويۇش ئىپتىخارى يەنە ئۆز قوينى ۋە ئۆز ئىشـ
لىرىنى يىپەك يولى سىلىشتۇرما ئەدەبىياتى بىلەن بېيىتىش ۋە
نۇرلاندۇرۇش ئىپتىخارىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» تىن

قەلەم تۇلپارىغا مىنگەن كىشى، ئۆز خەلقىنى قۇياش ھەرىـ
كىتىگە قارشى يۆنىلىشكە، جىن ـ شاياتۇنلار قەسىدىسى بولغان
كۆھىقاپقا يېتەكلىمەسلىكى، ئەكس ھالدا، ئۇلارنى تارىخنىڭ ئىلـ
گىرىلىگەن نۇرانە قەدىمىنى بويلاپ ئىجادىيەت ساھىلىگە باشلىشى
لازىم. مانا بۇ خەلققە مۇھەببەت، تارىخقا مەسئۇلىيەت! ئەكس ھالدا،
ئەگەر خۇددى ئابدۇقادىر داموللام ئۆز مۇخەممەسلىرىنىڭ بىرىدە
تەكىتلىگەندەك، قەلەم ئەھلى ئەسەبىي خىياللار، پېرىخون تەپەكـ
كۇرى، رەشك ـ ھەسەت پىتنىسى، قەستۇ كۇنەم بەيگىسىگە مۇپتىلا
بولىدىكەن، مىللەت ۋە خەلق نادانلىق، زەبۇنلۇق، گۇرۇھۋازلىق،
يۇرتۋازلىق، قاشىشاقلىق كېسەللىرى بىلەن تەڭلا ئاغرىپ، تارىخـ
تىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش يولىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. قەلەم، ئۇ ماھىيەتتە
بىر بايرام، بىر تۇغ ـ ئەلەمدىن ئىبارەت. ئۇنى پەرىشتىمۇ، شەيتانمۇ
تۇتۇشى مۇمكىن. گەپ قەلەم تۇتقۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي
ماھىيەتلىرىدە. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ياكى راستىتىن
ياكى يالغاندىن ئۆزلىرىنى يورۇقلۇق ئەلچىسى دېيىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەزىز دىيار، شانلىق ئىپتىخار» دىن

مۇھىت ـــ سەنئەتكارنىڭ ئۆز ئىجادىيەت پەرزەنتىنى

ئورايدىغان تۇرمۇش ۋە تەقدىر يىپىدە توقۇلغان كورپىچىسى، گەپ پىرسۇناژ تەسۋىرىدە ئەمەس، بەلكى مۇھىت تەسۋىرىدە!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: « ‹قارا جاڭگال› ھېكايىسىنى ئوقۇپ... » دىن

مېنىڭچە، ئەدەبىي ئەسەردىن تام قوپۇرۇشتىن كۆرە خەلققە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى، خەلقتە ھەقىقىي زامانىۋى ئاڭ تىكلەشكە يول ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: « ‹قارا جاڭگال› ھېكايىسىنى ئوقۇپ... » دىن

كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئاجايىپ يېڭىلىقلار بىلەن بىللە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان غەلىتە ھادىسىلەر رېئاللىقىمىزدا ئوخشاشلا مەۋجۇت! خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ رېئاللىقنى ئەدەبىياتىمىزمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشى لازىم. كۆرۈش لازىم بولغان رېئاللىقنى كۆرمىگەن، ئېتىراپ قىلىش لازىم بولغان رېئاللىقنى ئىنكار قىلغان، تۈزۈش لازىم بولغان رېئاللىقنى تۈزدىمىگەن ئىسلاھاتچى، ئىنقىلابچى ھەقىقىي ئىسلاھاتچى، ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئەمەس. خەلق تۇرمۇشىدا مۇئەييەن ماھىيەتلىك رېئاللىق سۈپىتىنى ئالغان مەسىلىلەر بولمىغان بولسا، خەلققە ئىسلاھاتچىلار، ئىنقىلابچىلار ھاجەتسىز بولغان بولاتتى!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن

ئەدىبنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى

ماھىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇنا-
سىۋىتى مەسىلىسى، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئوبراز بىلەن تەپەككۇر-
نىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەب-
نىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن بەدىئىي ئەسەرنىڭ
خەلق ئىچىدىكى (ئىجتىمائىي) ئۇنۇمدارلىقى مەسىلىسىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەدەبىياتىمىز مۇھاكىمە قىلىشى لازىم بولغان
ئەڭ چوڭ رېئاللىق ئۇستىدىكى ئەڭ مۇھىم تەپەككۇر تېمىسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» دىن

ئەدەب ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ئەمەس. ئۇ
خەلقنىڭ رېئال ھاياتىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئەنئەنىۋى، مە-
نىۋى ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بەدىئىي ئوبراز ۋاسىتىسى بىلەن
ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرىدىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان
تۇرمۇش رېئال تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، ئۇ رېئاللىقتىكى
ماددىي تۇرمۇشقا رېئاللىقتىكى ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك تەسىر
كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» دىن

ئەدەب — ئىدېئولوگىيىلىك خادىم، ئىدېئولوگىيە سېپىدى-
كى پائال بىناكار، ئاڭ، پىكىر بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان
«ھەيكەلتىراش»، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئەدىبنىڭ ئۆز

خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئومۇمەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئار- قىلىق، خۇسۇسەن ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى «ھەيكىلى» نى تاراشلاش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**

ئىدېئولوگىيە — روھىيەت مەنىسىدىكى «ئادەم يارىتىش» ئەدىبنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلارنى يارىتىشى بولماستىن، بەلكى مۇنداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق ئىنسانىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۆز خەلقىنىڭ يېڭى بوغۇنلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى ھېسابلانغان ئەدىب ئۈچۈن ئاساسىي ئاڭلىق پائالىيەت بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى چېرتيوژى بويىچە ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر-ھېسسىياتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى شۇنداق خاراكتېر، خاھىش ۋە زەرەتلەر ئاساسىدا قايتا قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**



بىز ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلمىغان ئائىلە باشلىقى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنى ئەيىبلىگەندەك، خەلقتىن ئايرىلغان مەدرىسە- ۋاز پەيلاسوپلار بىلەن ئۇنۇمسىز سىياسەتۋازلارنى ئەيىبلەيمىز، مىڭ قېتىم تاسقىسا نوقۇل سەنئەت، نوقۇل سۆز ئويۇنى ۋە نوقۇل ئۆزىنىڭ گاڭگىرىغان ھەم ئېچىرقىغان خۇسۇسىي ھېس- تۇيغۇ- لىرىدىن باشقا سالماق تۇتۇپ تۇرغان خەلق رېئاللىقى چىقمايدىغان

شائىر ۋە يازغۇچىلارنى ئەيىبلەيمىز.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن

ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ پۈتۈن ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئىنسان روھىيىتىگە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاڭ - پىكرىگە مەركەزلەشكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي سۈپىتى، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئاكتىۋال چۈلغۈۋرى ئۇنىڭ ئاڭ تۇزۇلمىسىدىن ئىبارەت دېيىش مۇمكىن. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئىلغار ئاڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان مىليونلىغان يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرمەي تۇرۇپ، خەلقىمىزنى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىك، سوتسىيالىستىك ھازىرقى زامان مىللىتى قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بەدىئىي ئىجادىيەتكە خاس ئوبرازلىق تەپەككۇر پەقەت خەلق رېئاللىقىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەپەككۇر، ئەدىبنىڭ خەلق رېئاللىقىغا بولغان مۇتەپەككۇرانە پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان تەپەككۇر، ئەدىبنىڭ خەلققە قارىتا ئىنژېنېرلىق قىلىشىغا بەدىئىي ۋاستە بولىدىغان تەپەككۇر خالاس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن



ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئۈچ خىل ئەدىب بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچىسى، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئاڭلىق ھالدا ئىجابىي جەھەتتىن ئاڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان ئەدىبلەر . ئىككىنچىسى،

ئاڭلىق ھالدا سەلبىي جەھەتتىن خەلق ئارىسىدا ئاڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان ئەدىبلەر، ئۇچىنچى خىلى، ئۆزىنىڭ شائىر، ياز-غۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىسمۇ، قانداق ئاڭ قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان، ئەدەبىيات — يېزىش دې-مەكتۇر، ئەدەبىياتچىنىڭ ۋەزىپىسى يېزىش، كۆپ يېزىش، ياخشى يېزىشتىن ئىبارەت دەپلا بىلىدىغان ئەدىبلەر، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ، ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەدىب ئاڭلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى ئەدىب، كېيىنكىسى بولسا، ئىلىشاڭغۇ ئەدىب ھېسابلىنىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**

ئوبراز ئارقىلىق خەلقنى تەپەككۇر قىلىشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى يۇ-قىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**



ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خەلققە، خەلق تۇرمۇشىدىكى رېئاللىققا، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبا-لىغا بولغان كۆيۈنۈشى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ دەرىجىسى تە-رىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەدىبنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۇپ ھالقا، ئەدىبنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدىب-نىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئەدىبنىڭ

ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ تۈپ مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ئەدىبنىڭ ئىجتىمائىي (سىياسىي) ئاڭ قۇرۇلمىسىغا ئالاقىدار تۈپ مەسىلە دېيىش مۇمكىن.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئۇبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**

ئەدىبنىڭ (ئوخشاشلا ھەرقانداق سۇبيېكتىپنىڭ) قانداق خاراكتېر ۋە سۈپەتتە بولۇشىغا قاراپ، ئۇنىڭ شۇنداق خاراكتېر ۋە سۈپەتتىكى ئەركىنلىك قاراشلىرى ھەم تەشەببۇسلىرى بولىدۇ. ئەدىبنىڭ مۇنداق ئەركىنلىك قارىشى ۋە تەشەببۇسلىرى خەلققە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە كېلەچىكىگە نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئىجابىي خاراكتېر ۋە سۈپەتتە بولۇشىمۇ، ئەكسىچە بىرىغۇچى، سەلبىي خاراكتېر ۋە سۈپەتتە بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن. چۈنكى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئەركىنلىك مەسىلىسى ماھىيەتتە خەلق روھىيىتى بىناكارلىقى، خەلقنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى ئىنژېنېرلىقى مەسىلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئۇبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**



ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالەت دەرىجىسى ئۇنىڭ يۇقىرى تەپەككۇر، بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەلەكىسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش يولىدا ئېرىشكەن ئەمەلىي نەتىجىسىگە باغلىق. بەزى ئەدىبلەرنىڭ دېۋىنىسى ئېلان قىلىنغان ياكى يازغان بەدىئىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن

مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ئۈستۈنرەك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپ
ئەسەر ئېلان قىلغان ئەدىبمۇ مەدەنىيەت سۈپىتى جەھەتتە ئاساسەن
ئۆز ئەسەرلىرىدە چەكلەنگەن مەلىكە چەمبىرى (ئۇپۇقى) دائىرىسىد-
نىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنى روشەنلەشتۈرۈش زۆ-
رۈركى، بىرىنچىدىن، ئىدېئولوگىيىلىك مۇھەندىس ھېسابلانغان
ئەدىب مۇتەپەككۇر ياكى مۇتەپەككۇرانە تەپەككۇر ئىگىسى بولۇشى
لازىم. ئۇ بىرەر يېزا ـ قىشلاق، ھەتتا بېكىنمە ھالەتتە ئالەمدىن
تولىمۇ چەتتە قالغان بىرەر كەپىدىكى ئىنسان تۇرمۇشى ھەققىدە
يازغاندىمۇ، يەنىلا ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر چىرىغى بىلەن ئۆز سۆزد-
تىنى يورۇتۇپ بېرىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، تەپەككۇر، جەمئىيەت،
تارىخ ۋە بىلىش ھەققىدىكى پەنلەر بېرىشى لازىم. ئىككىنچىدىن،
تەپەككۇر، جەمئىيەت، تارىخ ۋە بىلىش ھەققىدىكى پەنلەرنىڭ
چەكسىز كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەربىر قاتلىمى ئۆز
ئالدىغا بىر يۈرۈش بىلىم سىستېمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇ-
نىڭ ھەربىر قاتلىمى ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش بىلىم سىستېمىسىغا
ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشى ئوڭايلا ھەممىنى بىلگەندەك قىياس
قىلىپ قانائەتلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، بۇ ھال ئۇنىڭ يۇقىرىراق
قاتلامغا چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى، داۋاملىق بىلىم
چوققىسىغا ئۆرلەش ئۈچۈن، مۇنداق ئېزىتقۇ قىياسقا خاتىمە بې-
رىش لازىملىقىنى بىلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى تەپەككۇر،
بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەلىكىسىگە ئېرىشكەن ئەدىبلەرنىڭ نوقۇل
ئىلھام، ئامەتكە قاراپ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۆلمەس ئەسەر يارىتىشى
مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىش لازىم. قازاندا نېمە بولسا

چۈمۈچكە شۇ چىقىدۇ. ئەقىللىق ئەدىب ئۇچۇن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغانلىقىڭ مۇناسىۋەتلەر تورى بولماستىن، تەپەككۇر توقۇلمىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**

ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالەت دەرىجىسى يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ داۋاملىق تاۋلىنىپ بېرىشىغىمۇ باغلىق. بۇ يەردە ئىككى مەسىلە ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ. بىرى، ئۇسلۇب يارىتىش مەسىلىسى، يەنە بىرى، ھەربىر دەۋرنىڭ تېمىسىنى بايقاش مەسىلىسى.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**

ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېرىدارلىقى بىلەن مەنىۋى كامالىتىنى پاراللېل ياكى توغرا تاناسىپ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. كىشىلىك رېئاللىقنىڭ بىر قىسمى، ئىنساندىكى پاك ۋە يۈكسەك ئاڭ ـ ھېسسىياتنىڭ بىر تۈرى بولغان مۇھەببەت ئورنىغا جىنسىي خاھىش دەسسىتىلىدىكەن، بۇنداق ئەسەرمۇ «خېرىدارلىق» بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىز مۇنداق «خېرىدارلىق» ئۈچۈن بىر ئەۋلاد ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى بۇلغاشتەك زور بەدەل بېرىشىمىز تەبىئىي.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» دىن**

شېئىرىيەت ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ كونا شەكلى ۋە ئەدەبىي تىل كۆپ قىرلىق ئىپادىلىنىدىغان شەكلى. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىل بايلىقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ھەممىدىن بۇرۇن شۇ مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىپتىكا»دىن**

شائىر —تۇرمۇشنىڭ پەرزەنتى. ئۇ ھېسسىيات چاقمىقى ئارقىلىق شېئىرىيەتنىڭ پىكىر - تەپەككۇر - ئوبراز يالقۇنىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى شېئىرىي تىل ۋە بېيىت شەكلى ئارقىلىق شېئىرىي قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق شېئىرىي قۇرۇلما يەنىلا ئۆزىدىكى يالقۇن تۇپەيلى، كۈچلۈك ئىدىيە ۋە ئۇچقۇر ھېسسىياتچانلىقنى مەڭگۈ ساقلايدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىي قەلبى ھەرقانداق باشقا سەنئەتتىن كۆپرەك كىشىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ شېئىرىي قەلب —ھەقىقىي تۇرمۇش چىنلىقى، ھەقىقىي ھېسسىيات چىنلىقى بىلەن جىلۋىلەنگەن شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ سېھرىلىك كۈچىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىپتىكا»دىن**



ھەممە شېئىرىي قۇرۇلمىلار ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىرىي سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك شېئىر يازمىغان «شائىرلار»مۇ بولىدۇ. ئۇلار نەزم يازغۇچىلىرىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىپتىكا»دىن**

مۇھەببەت مۇشتىقىم! قەدىر ـ قىممىتىڭنى ساختا شىئىر ـ لاشلاردىن ئەمەس، ھەقىقىي شېئىرىيەت بىناسىدىن ئىزدىگىن. بۇ بىنا — مەڭگۈ توزۇماس چېچەك بىلەن بېزەلگەن گۈلىستان...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ھەسەل — چېچەك شىرنىلىكىنىڭ جەۋھىرى؛
شېئىر — گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كرىستالى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

شېئىرىيەت دۇنياسى — توزۇمايدىغان گۈل سېۋىتى.

ئېھ، ئىدراك ۋە تەپەككۇر دۇنياسىنى مەپتۇن قىلغان گۈزەل ـ لىك! مېنىڭ شېئىرلىرىم سېنىڭ مەڭگۈلۈك سەپىرىڭگە پەقەت بىر قونالغۇلۇق ھەدىيە بولالىسا ئىدى...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ھەقىقىي گۈزەللىكنى ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبىدىن ئىزدە. ئۇنىڭ قەبرى دىۋان گۈلزارلىدىكى سۆيگۈ ھەيكىلىنىڭ ئاستىدىكى مىسرالار ئارىسىدا. ئۇ يازمايدۇ، ئىلھام بېغىشلايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن



مەن ۋىسال ئاپتىپىدا قۇرۇغان كۆز ياشلىرىمدىن ئۈنچە ـ مارجانلار تېرىۋالىمەن. مەن بۇنى شېئىرىيەتنىڭ قۇلۇلە قېپىغا سېلىپ، ئېرپان دېڭىزىغا تاشلايمەن. مېنىڭ ھۈنىرىم ئادەمنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ قەدىمىگە يورۇق چاچىدىغان قان

رەڭلىك سۇپسۇزۇك مارجان ياساش.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

شائىرنىڭ شېئىرى بولمىسا، گۈزەللىكنىڭ ئىچىلمىغان يا-
قۇت خەزىنىسى ۋە ياكى غەرق بولۇپ كەتكەن كېمىنىڭ گەۋدىسى.
سېنىڭ گۈزەللىكىڭ بولمىسا، شائىرمۇ غوزىسىز چار كې-
پىنەك ۋە ياكى سىياھسىز قۇرۇق قەلەم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ھەقىقىي شېئىرىيەت — ئەركىن - ئازادلىقنىڭ مەشۇقى.
نوپۇزلۇق پىكىر ئۇنىڭ مۇشتىقى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

شېئىرىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى موھتاجلارغا ئاتالغان ھا-
مىيلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

شائىرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ شېئىرىي جۈملىلەرنى قانچى-
لىك ماھىرلىق بىلەن تىزغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ
موھتاجلىقى بىلەن نىجادىيىتىنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى، مۇساپى-
سىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋاكالىتەن قانچىلىك ئۆتكۈرلۈك بى-
لەن كۆرۈپ، قانچە قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە،
شائىرنى ئۇلۇغلىغان نەرسە دەل ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە چاقناپ
تۇرغان ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

شېئىرىيەت ئەڭ ئالدى بىلەن پىكىر - ھېسسىياتنى مۇزد. كىلىق رىتىم - قاپىيە ۋە ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى بىلەن ئىپا. دىلىگۈچى ئەدەبىي ئىجادىيەت ژانىرىدىن ئىبارەت. ئۇ رېئاللىقتا يا. شايدىغان، تارىخنى كۆزىتىدىغان شائىر سۇبيېكتىپىنىڭ ھېسسى. ياتچان تەسەۋۋۇرى ۋە مەنىلىك تەپەككۇرىنىڭ ماددىلاشقان ئۇچقۇ. نىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «‹ئاقسۇ ئەدەبىياتى› دىكى شېئىرىيەت ئۇنچە. لىرىدىن بىرى توغرىسىدا» دىن

شېئىر —تۇرمۇشنى ۋە ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەشتە رى. تىمدار تىل بىلەن بېزەندۇرۇلگەن بەدىئىي شەكىلدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

شېئىر —پىكىر - ھېسسىيات چاقناپ تۇرىدىغان ئوبرازلىق سۆز - جۈملىنىڭ مۇزىكا پرىنسىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بە. دىئىي قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

شېئىرىي زوق — تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىگە، پىكىر —ھېسسىيات ئۇچقۇدانلىقىغا، ئوبرازلىق ۋە رىتىمدار جۈملە قۇ. رۇلمىسىغا قارىتىلغان زوق. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، شائىرنىڭ يۈكسەك پىكرى سەۋىيىسى ۋە شائىرانە ئىستېداتىغا قارىتىلغان زوق. يېقىندىن بېرى شېئىرىيىتىمىزدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، شۇنداقلا ھەقىقەتەن كىشىگە شېئىرىي زوق بېغىشلايدىغان ياخشى

شېئىرمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. ئەپسۇسكى، شېئىرىيەتتىكى قىسقا ۋە ئىجابىي ئەنزارچىلىقىمىز تېخى ئۆزى قىلىشى لازىم بولغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىنى يوق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

ھەربىر ياخشى شېئىر شائىر ياشىغان دەۋر چىنلىقى جەۋ-ھەرلىرىدىن، دەۋر ئېڭىدىن، شائىرنىڭ پىكىر ئېقىمى ۋە بەدىئىي غايىسىدىن شېئىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن گەۋدىلىنىپ چىققان گۈ-زەللىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىلاھىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ غايەت زور مەنىۋى قىممەتكە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

يۈكسەك تەپەككۇر ۋە پەۋقۇلئاددە روھىي قىزغىنلىقسىز ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى شېئىر يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق يۈكسەك تەپەككۇر ۋە پەۋقۇلئاددە روھىي قىزغىنلىق تە-پەككۇر بوشلۇقىنى ئېچىش، پىكىر قىلىشتا «سول» چىلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن قۇلچىلىق رامكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، د-جادىيەت ئەركىنلىكى، تەسەۋۋۇر مۇمكىنلىكلىرىدىن ئىمكانقەدەر كەڭ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىككى شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن



شېئىرىيەت ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى قەلب چىرىغى ۋە يۈرەك ناخشىسى بولغان. ئۇ، ھېلىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ۋە مەڭگۈ ئىنسان تەپەككۇرى ۋە ھېس- تۇيغۇلىرىنىڭ ئوبرازلىق، يالقۇنلۇق ئىپادىسى بولۇپ قالار.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىككى شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

سەنئەت ۋە پۈتكۈل گۈزەللىك ساھەسىدە گۈزەللىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۇرمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق نادانلىق ۋە نامەردلىك بولمىسا كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىككى شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

شائىرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بۇلىقى ۋە مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىككى شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» دىن

بەدىئىي ئەسەرنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىك كۈچى ۋە قىممىتى ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان گەپنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى زوقلانغۇچىنىڭ بۇ ئەسەردىن ئالغان يېڭى، ئۆتكۈر، قايناق، ئىلھام بەخش تەسىرلىنىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا ئىدى، كىشىلەر ئاخباراتشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق بىلەن قانائەتلىنىپ، شېئىرىيەت بىلەن، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان بولاتتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: « <ئاقسۇ ئەدەبىياتى> دىكى شېئىرىيەت ئۇنچىلىرىدىن بىرى توغرىسىدا» دىن

بۈگۈنكى دۇنيادا بىردىنبىر ئەڭ زور كۈچ ئۆزگەرتىش كۈچىدۇر.

كار دېۋىتچ

تۇرمۇش ئۆزگىرىش دېمەكتۇر، مۇكەممەللىك ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىشتىن كېلىدۇ.

هېنرى جون نيۇمان

يېڭىلىنىش بولمىسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

لۇشۈن

ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەيدۇ، پەقەت ئۆزىمىزلا ئۆزگىرىمىز.

هېنرى سورو

بەزى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولساڭ، ئالدى بىلەن تۇرمۇش نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك.

سارترې

ئۆزگىرىشنى بىر كۈن ئىچىدە تاماملىغىلى بولمايدۇ، بىر دەۋر ئىچىدىمۇ تاماملىغىلى بولمايدۇ.

مارتىن دۇگارد



ھازىرقى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مىل

يېڭىلىق يارىتىش ئادەمنىڭ تەبىئىتى.

ئاتا پلىنى

يېڭى يول تۇتقانلار مۇۋەپپەقىيەت قازانماي تۇرۇپ، باشقىلار ئۇنى كۆپ ھاللاردا خىيالپەرەس دەپ قارايدۇ.

مارك توۋېن

يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن دائىم ياتلىشىش، ھۆرمەتسىز- لىك تۇيغۇسى بولىدۇ.

مىللېر

بىز يېڭىلىق يارىتىشقا قانچىلىك تىرىشايلى، ئۇ پەقەت ئۇششاق چۇششەك ئىشلار ئىچىدىن پەيدا بولىدۇ.

ۋېئىس

ئىلىم - پەندىكى نۇرغۇن بۆسۈش ۋە يېڭى قاراشلارنىڭ ھەمىسى يۈرەكلىك گۇمانىي قاراش ۋە تەسەۋۋۇردىن باشلانغان.

ماۋ يىشېڭ

نۇرغۇن ئۆزگىچە قاراشقا باي كىشىلەر مۇنداق بىر نۇقتىنى ئويلاپ يەتمىگەن: ئۇلار ئادەت تۇپەيلىدىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان.



كېئاتس

ئىنسانلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى تولىمۇ قىيىن، شۇڭا ئۇلار بار بولغان شەكىلنى مۇقەددەس مىراس دەپ قارايدۇ.

مومسېن

يېڭى شەيئىدىن چوقۇم يېڭى ئۇقۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك.

بېرگسون

قەلب كۆزىنىڭ يېڭى ئىدىيەلەرگە ئوچۇق تۇرۇشى، كونا ئىدىيەلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى كېرەك.

جونسون

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىجادچانلىقتۇر.

موررىس

ئىجادچانلىق روھى ۋە ئىجاد مېۋىسى كەمچىل بولغان ھايات مۇكەممەل ھايات ئەمەس.

ليۇجى

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسى ھەر ۋاقىت يېڭى تۇرمۇش يارىتىشتۇر.

لى داجاۋ

گۈللەپ ياشنىغان شارائىتقا تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن، گۈللەپ ياشنىغان شارائىتنى ئۆزىمىزنىڭ ياراتقىنىمىز تۈزۈك.

ملتون

تۇرمۇشنىڭ مەنىسى ئىجادىيەت، ئىجادىيەت مۇستەقىل، ئەركىن بولىدۇ، چەك ـ چېگراسى بولمايدۇ.

گوركي

ئىجادىي پائالىيەت ئېتىشقا ئىگە بولۇش زور بەخت، ئۇ ھەم ئا-
دەمنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنىڭ بۈيۈك ئىسپاتى.

ماتيۇ ئارنولد

ھېچكىممۇ ھەقىقىي ئىجادىي كۈچنىڭ خوجايىنى ئەمەس،
ھەربىر ئادەم ھەقىقىي ئىجادىي كۈچنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تە-
رەققىياتىغا قويۇپ بېرىشى كېرەك.

گيوتى

ئىجاد قىلغاندا نەزىرىڭ چوڭقۇر بولسۇن؛ يول ئاچقاندا نەزە-
رىڭ يىراققا تاشلانسۇن.

تاۋ شىڭجى

يورۇقلۇق ئالدىدا قاراڭغۇلۇق بولىدۇ، ئىجادىيەت ئالدىدا بۇ-
زغۇنچىلىق بولىدۇ.

گومورو



ئۆگىنىش بولمىسا ئىجادىيەت بولمايدۇ، ۋارىسلىق قىلىش
بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ.

ما تيېدىڭ

ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلىرى تەسەۋۋۇرنى

ئۆزىگە تىرەك قىلغان بولىدۇ.

كېلىك

ئەگەر ئىجاد قىلىمەن دەيدىكەنسەن، پۈتۈن چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىشىڭ كېرەك، بولمىسا سېنىڭ ئىجادىيىتىڭ پەقەت كۆچۈرۈش بولۇپ قالىدۇ.

ئوشۇ

شېئىر —مارجان ئەمەس، يىپقا تىزىپ قويسا تۈرۈۋېرىدىغان ياكى ئەزان ئەمەس، قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولۇۋېرىدىغان.

شېئىر — «ئايەت» ئەمەس، مەنىسىنى ئۇقماي ئوقۇسىلا بولۇۋېرىدىغان ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقۇسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر —كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ قويىدىغان ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولۇۋېرىدىغان. شېئىر ھەم ھۆسنى، ھەم پۇرىقى، ھەم تىكىنى، ھەم يوپۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇكى، ھۆسنى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلار؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھوزۇر بەخش ئېتەر؛ ئىشق ئەھلى ئۇنى قۇلاققا قىسار ياكى گۈلدەستە ياساپ جانانغا تۇتار؛ ياۋا توڭگوز تۇمشۇقىنى تەگكۈزسە، تىكىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا سانجىلار، ھەتتا بۇرنىنى قانىتار.

شېئىر —ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان. شېئىر—

خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆر-سەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەشتلەرنى يورۇتۇپ، سوغدىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى.

شېئىر —چۆلدىكى ئالۋۇن (ۋىل - ۋىل) ئەمەس. گاھى كۆل، گاھى دەريا، گاھى شەھەر، گاھى گىياھ بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان.

شېئىر —بىر قاينام بۇلاققا ئوخشىشىدۇكى، تەشنالارغا ئارام، دەردمەنلەرگە داۋا، بىمارلارغا شىپا، غەمكىنلەرگە شادلىق، ئاجىز-لارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى.

شېئىر —ھاپىزنىڭ ناخشىسى ئەمەسكى، ئاڭلىغانسىرى كىشىنى مۈگدەك باسىدىغان. شېئىر — بىر گۈلدارمامادۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي؛ كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي، ئەبەدىي ھاياتقا چاقىر-غاي!

شائىر —قاغا ئەمەس، كۆرۈنگەن دەرەخقە قونۇۋېلىپ قاقىلـ-داۋېرىدىغان. شائىر — خۇددى تاڭ توخۇسىدۇركى، كېچىچە تاڭنى چىللاپ تىنماس؛ تاڭ ئاتقاندا، ئەلنى ئىشقا، ھاياتقا، ئەمگەك ۋە ئى-جادقا ئۈندەر. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ «ئالتۇن خوراز» ھەققىدە قىس-سە - رىۋايەتلەر توقۇشى، شەھەر دەرۋازىلىرى بىلەن قەسىر - ئايۋان مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، ھالبۇكى، جاھان — جاھان بولغاندىن بۇيان، ھېچكىم تېخى قاغىنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقىنى يوق.

شائىر —تۇتىقۇش ئەمەس، نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى دورايدىغان

ياكى ئۆمۈر بويى دوراشتىن بۆلەكنى بىلمەيدىغان. بۇ يەردە ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى فۈزۈلىنىڭ مونۇ بېيىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇنسىز بولماس:

«قارا تاشتىن ئەگەر قان بىرلە رەڭگىن ئەيلىسەڭ،
رەڭگى تەغيىر بولۇر، ئەمما لەئلى بەدەخشان ئولماس.
تۇتىغا تەلىمى ئادايى كەلىمات ئەيلىسەڭ،
نۇتقى ئىنسان بولۇر، ئەمما ئۆزى ئىنسان ئولماس.»

شائىر — چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر. بۇلبۇل ھېچقاچان باشقا قۇشلارنى دورىمايدۇ، باشقا قۇشلارمۇ بۇلبۇلنى ھەرگىز دورىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇلبۇلنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز سۆيگۈسى، ئۆز تەپەككۇرى ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار.

شائىر — كېپىنەك ئەمەس، كۆرۈنگەن گۈلنىڭ ھەممىسىگە پەرقسىز قونۇپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىلىشنىلا بىلىدىغان. شائىر — چىراغ پەرۋانىسىدۇركى، ھالاك بولۇشنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغۇچى...

شائىر — شاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ نازۇ نېمەتكە تولغان داستىخانلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ياكى زاھىتلارنىڭ ئىتتىكىدە خورۇلداپ ياتىدىغان مۈشۈك ئەمەس، بەلكى پايانسىز دەشتلەردە ئەركىن كېزىپ يۈرىدىغان تەمەسىز ئارسلاندۇركى، ئۇنىڭ بىر ھۆركىرىشى بىلەن تاغۇ تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ، تۈلكە ـ بۆرىلەر ھوشىنى يىغقاي، «پادىشاھ نىكولاي ئۇستەلگە بىر مۇشت ئۇرغاندا، پۈتۈن ئوردا ئىچى تىترەپ كېتەتتى؛ لېف تولستوي ئۇستەلگە بىر

ئۇرسا، پۈتكۈل روسىيە زىلزىلىگە كېلەتتى» دېگەن رىۋايەت مۇبا-لىغە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، لېۋ تولستوي شېئىر يازمىغان بىلەن چىن شائىر ئىدى.

شائىر پەقەت خەلق بىلەن، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەستۇر. مەسىلەن، چوي يۈەن بىلەن ئەلىشىر نەۋائى، لى بەي بىلەن پۇشكىن؛ بايرون بىلەن لۈتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىلىرى» دىن

مەلۇمكى، رومان — رېئال تۇرمۇشنى،خەلق ھاياتىنىڭ ئو-مۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك بىرەر تەرىپىنى كەڭ ۋە مۇكەممەل بەدىئىي پىلاندا تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان يىرىك بەدىئىي تۈر. ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ۋەقەلىكنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ-لىكى، يورۇتۇپ بەرگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ كەڭ ۋە رەڭدار-لىقى، تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقى بىلەن پروزىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ دەل ئەنە شۇن-داق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخاندا ئۆزگىچە بىر بەدىئىي زوق قوزغاپ، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ھايات توغرىسىدىكى تەسۋىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

گوركىي



مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى تەسۋىر-لىگەن رومان مۇنداق ئىككى شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى، باشقا تېمىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىملىق، كىشىگە ئېيتقىلى

بولمايدىغان، لېكىن ئېيتمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە قىزىقارلىق بولۇشى، ئىجتىمائىي كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پەلسەپۋى چوڭقۇرلۇقىغا بەدىئىي جەھەتتە ئىزدەنگەن بولۇشى كېرەك.

**ئەي ۋۇ**

يازغۇچىنىڭ كۆزىتىشى بولمىغان ئەسەرلەر، ئالاھىدە ئاساسىي ئىدىيىسى بولمىغان ئەسەرلەر چىن مەنىدىن ئېيتقاندا بەدىئىي ئەسەر بولالمايدۇ، بۇ رومانچىلىق تارىخىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كونا ساۋاق بولۇپ، رومان يازغۇچىلار كۈچەپ بۆسۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان قىيىن ئۆتكەل.

**يەن گاڭ**

پروزا باشقا ژانىرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن شېئىردۇر. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ۋەقەلىك تەسۋىرىدىكى ھېسسىياتى بولغان لىرىكىمۇ، پېرسوناژنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋاستىچى دراماتىك ئېلېمېنتلارمۇ بار. باشقا شېئىرلاردا مۇمكىن بولمايدىغان مونولوگ مۇلاھىزە ۋە تەنبىھلەرنىڭ رومان ۋە پوۋېستلاردا مۇۋاپىق ئورنى بار.

**بېلىنسكىي**



ياخشى ھېكايە يېزىشتا ئۈچ تەرەپنى كۆزدە تۇرۇش كېرەك. بىرى، ئاددىي بولۇش كېرەك. ئاددىي بولۇش دېگەندە چۈشىنىش ئاسان، ئوقۇغاي ئەستە قالىدىغان، ئۇدۇل بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىرى، جەزمەن كىتابخانلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بولۇشى

لازىم. گەپلەر ئىمكانقەدەر قىسقىراق سۆزلەنگەن بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىسى، ياخشى ھېكايىلەرنىڭ باشلىنىشى ئوبدان بولۇشى كېرەك.

ئېلىزابىتا فون

ئەگەر سىز ھېكايىڭىزدا ئىپادىلىمەكچى بولغاننى سۆھبەتتىڭىزدە سۆزلەپ بېرەلىسىڭىز، سىزگە ھېكايە يېزىشنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولاتتى.

ل. تولستوي

ھېكايە ئۈستىدە يىغلاش، ئاھ ئۇرۇش مۇمكىن، ئۆز قەھرىمانلىرىڭىز بىلەن بىللە ھەسرەت چېكىشىڭىزمۇ مۇمكىن، مېنىڭچە، بۇنى شۇنداق قىلىش كېرەككى، ئوقۇغۇچى سېزىپ قالمىسۇن، قانچە ئوبيېكتىپ بولسا، شۇنچە كۈچلۈك تەسىرات قوزغايدۇ ...ئومۇمەن، ئۆز قەھرىمانلىرىڭىزنى سۆيۈڭ، لېكىن بۇ ھەقتە ھەرگىز ئۈنلۈك گەپ قىلماڭ.

ئا. پ. چېخوف

ھېكايە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ئەكسى، تۇرمۇشنىڭ تىنىقى بولىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. نان بۇغدايدىن چىقىدۇ. بۇغداي تۇپراقتىن چىقىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچىسى ئۆزئارا سۈپەت پەرقىغە ئىگە. ئادەملەر ناننى ياخشى پىشۇرۇش ـ پىشۇرالماسلىق كويدا تالاش ـ تارتىش قىلىشۋاتقاندا، تۇپراقشۇناسلارنى بۇغدايلىقنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش زۆرۈرىيىتى

بولمايدۇ، يازغۇچى رەزىل ئادەم بولمىسىلا ھېكايىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم ئادەمگە، مەلۇم ئورۇنغا ھۇجۇم قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، غۇم ـ خۇسۇمەتنى چىقىرىۋېلىشقا ئورۇنىدىغان ئادەملەر ئادەتتە تۇزۇكرەك بىر ئەسەر يېزىپ چىقالمايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن نەشتەر قەلەم داۋاسى — بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ بار.

ۋاڭ مېڭ

شېئىر ئىلاھى ... ئۇ كىشىلەرگە ئىلھام بېغىشلايدۇ ...ئۇ. مۇمەن دانىشمەن شائىر مەيلى ئېپىك شېئىر ياكى لىرىك شېئىردا بولسۇن، پەقەتلا ئۆزىنىڭ ماھارىتىگە تايىنىپلا ئېسىل قىلىپ يازغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئىلھام، روھىي كۈچ، ياردەم بەرگەن.

ئەپلاتون

شائىر ئوبراز ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ، ئۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ، بەلكى ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ كۆڭلىدە ئىدىيە ئەمەس، ئوبراز گەۋدىلىنىدۇ، ئوبراز تۆپەيلىدىن ئىدىيىنى كۆرەلەيدۇ.

ئەپلاتون

شائىرنىڭ كۆڭلى گويا سۇپسۈزۈك دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇ. شامال يوق چاغدا خۇددى بىر ئەينەكتەك جىمجىت تۇرىدۇ. ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدا نامايان بولىدۇ؛ شامال چىققان ھامان

دولقۇنلاشقا باشلايدۇ، ئالەمدىكى نەرسىلەرمۇ ھەرىكەتلىنىدۇ، بۇ شامال —ۋاستە سىزىم، ئىلھامدۇر.

گومورو

شائىر ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن جەمئىيەتنى ۋە تەبىئەتنى كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆزى كۆزەتكۈچى، يەنە بىر كۆزى تەسەۋۋۇر يۈرگۈزگۈچى بولىدۇ. شائىر ئوبيېكتىنى ئىنچىكە كۆزىتىش داۋا-مىدا، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ، كىشىلەر ئېيتىۋاتقان ئىلھامدۇر. ئۇ ھېچقانداق دەخلىسىز ھەم مۇستەقىل بولۇپ، شائىرنىڭ ئىدىيە-سىنى ئۇنىڭ ھەرىكىتىدەك ئەركىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇ ئەركىن ھالدا جاپاكەشلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا پايدا ئالغۇچىلارغا نەپرەت ياغدۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت ئۈ-چۈن خىزمەت قىلغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈپ، دەردمەنلەرگە ھېس-داشلىق قىلىدۇ.

ھيۇگو

ھېسسىيات —شېئىرنىڭ جېنى. شائىر ھېسسىياتنىڭ خوجايىنى ۋە ھېسسىياتنىڭ نامايەندىسى بولۇشى كېرەك. شېئىر ھېسسىياتنىڭ فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىشى، شائىر يۈرىكى-نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىنىق، جۇشقۇن ھېسسىياتنىڭ ئىدىيە قېلىپىدا ئۇيۇغان، ئەقىل - پاراسەت نۇرى چاقناپ تۇرغان جەۋھىرىدۇر. ھەرقانداق مۇنەۋۋەر شېئىر ئۇرغۇپ تۇرغان شېئىرىي تۇيغۇغا، كۈچلۈك ھېسسىياتقا باي بولماي

قالمايدۇ. شائىرنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى، ئېستېتىك غايىسى، ھەۋىسى، مىجەز ـ خۇلقى، ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرى، ئىندىۋىدۇئاللىقى، تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى ۋە خىلمۇخىل مۇرەككەپ شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى ۋە باشقىلار پەقەت خۇشاللىق، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، ۋەھىمە يېيىش، ياخشى كۆرۈش، نەپرەتلىنىش، زوقلىنىش قاتارلىق كۈچلۈك ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ ۋە نامايان بولىدۇ. ھېسسىيات بولغاندىلا شائىر ئوبراز يارىتالايدۇ، غايىۋى مەنزىرىنى تەسۋىرلىيەلەيدۇ؛ ھېسسىيات بولغاندىلا، شېئىر ئۆركەشلەپ تۇرغان شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن كىشىلەرگە بىۋاسىتە تەسىر قىلالايدۇ، كىشىلەرگە بەدىئىي تەسىرات ۋە ئېستېتىك ھوزۇر بېغىشلىيالايدۇ؛ ھېسسىيات بولغاندىلا، شېئىر كىتابخانلار بىلەن ئاپتورنىڭ قەلبىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئىدىيىسىدە قوزغىلىش ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە ئېستېتىك تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

دەۋر ھەر بىر شائىر، ھەربىر شېئىر يازغۇچىدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشقا شېئىرنى قورال قىلىپ تۇرۇپ ئارىلىشىش؛ شېئىرنى نەي قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇشنى كۈيلىشى؛ شېئىرنى بۇرغا قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇشقا تۇرتكە بولۇشى بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىكى كېرەك. يەنە ئەڭ تۈپكى نەرسە شۇكى، ئاپتور ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت تۇرمۇشقا قىزغىن نەزەر سالىدىغان، تۇرمۇش قاينىمىدا تىرىشىپ

ئىزلىنىدىغان، جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ تۇرمۇشنى مەنبە قىلىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە بېيىتالايدۇ، مۇناسىپ ئوبرازلارنى يارىتىپ ئۇنىڭغا ئۆز ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ ۋە ئىزھار قىلىپ، ھېسسىياتلىرىنى كىتابخانلارغا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە غايەت زور ئىنكاس قوزغايدۇ.

شىي ۋېنلى

پوئېزىيە (شېئىرىيەت) دېگىنىمىز — ھەممە ھۇزۇرلىنىشىنىڭ، ھەممە راھەتلىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى.

چىڭغىز ئايتماتوف

شائىر بىر تەرەپتىن دۇنيانى ئوبرازلىق چۈشىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوبرازنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيانى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭ يارىتقان ئوبرازىنىڭ روشەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەي چىڭ



بىر شائىر ئالدى بىلەن رېئالىزمچى بولۇشى كېرەك. ئەگەر رېئالىزمچى بولمايدىكەن، ئۇ ئەرزىمەس شائىر ھېسابلىنىدۇ. بىر شائىرنىڭ يازغىنى ئەقىلگە سىغمايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم چۈشەنمىسە، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ يازغىنى تامامەن ئەقىلگە سىغىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى

ھەرقانداق دۆت ـ كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كەتسە، بۇ تې-
خىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر.

پابلونېرۇدا

كىشىلەر ئىلاھىي رىغبەت ۋە ئىلھام توغرىسىدا ھەمىشە مە-
مەدانلىق قىلىشىدۇ. مەن بولسام خۇددى زەرگەر ئالتۇن مېدالىيون
سوقۇقاندەك پۈتۈن زېھنىمنى قويۇپ مېھنەت قىلىمەن، ئۇششاق
ھالقىلارنى تولىمۇ ئەپچىل، مۇۋاپىق يوسۇندا بىر ـ بىرى بىلەن
چاتىمەن.

ھېنرىخ. ھېينى

شائىر (بۇ يەردە يازغۇچىلارمۇ كۆزدە تۇتۇلغان) جەمئىيەتتە
پالانى سىنىپنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
كۆپ دەرىجىدە ياخشىلاندى ياكى يامانلاشتى، دېگەننى رېئاللىقنىڭ
جانلىق، روشەن تەسۋىرى ئارقىلىق ئىشەنچلىك كارتىنىلاردا سى-
زىپ بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ فانتازىيىسىگە تەسىر قىلىدۇ.

بېلىنسكىي

شائىر ئۈچۈن ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك نەرسە چىن سەمى-
مىيلىكتۇر.

پۇشكىن

ئىلھام كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ-
نىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان نامەلۇم تەسىر تەرىپىدىن ئويـ-
غىتىلغان جاننىڭ زېھنىي كۈچىدۇر.

بېلىنسكىي

ئىلھام ھەرگىز چىرايلىق ھالدا قول پۇلاڭلىتىش ئەمەس، بەلكى ئۆكۈزدەك بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالەتتۇر.

چايكوۋسكىي

ئىجادىيەتچىنىڭ ئوي - پىكرى پىششىق باسقۇچىغا يەتكەندە مەلۇم مۇناسىۋەتلىك شەيئىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىجادىيەت ھەرىكىتىدە ئىزدىنىۋاتقان مۇھىم نەرسە ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ئىلھام كەلگەنلىك دېيىلىدۇ.

سوشى

تەبىئەت تەسۋىرلەنگەن شېئىردا، ئەگەر تەبىئەت ئەينەنلا تەسۋىرلىنىلسە، شائىرنىڭ مۇددىئاسى ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. ئۇ سىزغان ئاسمان ۋە تەبىئىي ئاسماننىڭ ئوبرازى ئەمەس. ئۇ (ئاسمان) قايسىبىر كۆندىكى ئاسماننى ئەينەن دوراش بولماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان ئاسمانلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

بايرون



شائىرنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن مۇقەددەس ئىلھامدىن مەيدانغا كەلگەن ھەر بىر مىسرا شېئىر، شۈبھىسىزكى، گۈزەل بولىدۇ.

دېموكرىت

نەسىر —شېئىرىي پىكىر ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، شوخ، ئەركىن

ئەدەبىي شەكىل. مېنىڭ ھەرقانداق بىر ئەسىرىمدە ئۆزۈم بار. بۇ «مەن» ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، ئەمما ئۇ يوق يەر بولمايدۇ، بۇنداق دېگەنلىكىم، ئۆزۈمنى قالتىس قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىم ئەمەس. ھەرگىز ئۇنداق نىيەتتە ئەمەسمەن! بۇ پەقەت ئاپتورنىڭ ئەسەردە كىتابخانلارغا نىسبەتەن سەمىمىيلىك بىلەن، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى، يازغۇچىنىڭ ئۆز سۆزىنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

باجىن

نەسر ئەدەبىياتنىڭ جىمىكى فورمىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن شوخ، ئەركىن، ھەممىدىن بەك چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان بەدىئىي فورمىدۇر. ئۇ خەنجەرمۇ، تاپانچىمۇ بولالايدۇ؛ ۋەزىيەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئەپچىل ئۈرپ - ئادەت خەرىتىسىمۇ بولالايدۇ؛ كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلايدىغان كەچلىك سازمۇ بولالايدۇ.

ئۇنىڭدا تەنتەنە قىلىشقىمۇ، مەدھىيە ئوقۇشقىمۇ، چوقان سېلىشقىمۇ، سۆكۈشكىمۇ بولىدۇ؛ بەخىرامان سۆزلەشكىمۇ، نازۇك سۆزلەرنى ئېيتىشقىمۇ، بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقىمۇ، دېكلاماتسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ؛ كۈلكە - چاقچاق قىلىشقىمۇ، غەزەپلىنىپ تىللاشقىمۇ، گەپ ئويۇنى قىلىپ ۋەقە بايان قىلىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئۇنىڭدا دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنمۇ، ئايدىڭدا تىنچ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريامۇ بولىدۇ.

نەسر باغچىسى ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان مەنزىرىنىڭ يارىتىلىشىغا تازا باپ كېلىدۇ.

گې لىلى

كىمكى سەھنە ئەسەرلىرى ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت يارىتالىسا، ئۇ يېڭى ئەسىر ئاچقان بولىدۇ.

ئا. پ. چېخوف

سەھنە ئەسىرى ئاپتورىنىڭ شۇنچىلىك ئەركىن ئارىلىشىشىغا يول قويمايدۇ. سەھنە ئەسىرىدە تاماشىبىنلارغا ئېيتىپ تۇرۇلمايدۇ. سەھنە ئەسىرىدە قاتناشقۇچى شەخسلەر تەسۋىرلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت شۇ شەخسلەرنىڭ نۇتۇقلىرى بىلەن، يەنى، ساپ نۇتۇق تىلى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇنى چۈشىنىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم، ــ چۈنكى سەھنىدە دراما فىگۇرىلىرى، ئارتىسلار سۆپىتىدە تەسۋىرلىنىشىدە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، ھەربىر فىگۇرىنىڭ نۇتقى قەتئىي ئۆزگىچە خاس ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇشى زۆرۈر. درامىدىكى ھەرقايسى فىگۇرا ئاپتور تەرىپىدىن تەستىقلانغان ۋە سەھنە ئارتىسلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەندەك سۆزلىگەن ۋە ھەرىكەت قىلغان تەقدىردىلا تاماشىبىن ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ.



گوركىي

ئادەملەرگە تەسىر قىلىش جەھەتتىن بەدىئىي سۆز ئىجادىيىتىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۈچلۈكى دراما

بىلەن كومېدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تىياتىر سەھنىسىدىكى جانلىق ھەرىكەتتە دراما بىلەن كومېدىيە قەھرىمانلارنىڭ تۈيغۇسىنى، ئوي - پىكىرلىرىنى ئۇچۇق - ئايدىڭ كۆرسىتىدۇ.

گوركىي

تەنقىدچىلەرنىڭ بۇرچى زەھەرلىك ئوت - چۆپ، شۇمبۇيىلارنى قىرقىپ تاشلاشلا ئەمەس، بەلكى خۇش پۇراق گۈللەرنى، خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ مايسىلىرىنىمۇ سۇغىرىشتىن ئىبارەت.

لۇشۈن

تەنقىدچىلەردىن مۇنداق ئۈچ نەرسىنى، بىرىنچى، يامانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى، ئىككىنچى، ياخشىلىرىنى تەقدىرلەپ ئىلھاملاندۇرۇشنى، ئۈچىنچى، ياخشىلىرى بولمىسا، سەل - پەل ياخشىلىرىنى بولسىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

لۇشۈن

تەنقىد قىلماق — خۇسۇسىي ھادىسىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك جانلىق مۇناسىۋەت دەرىجىسىنى ئېنىقلاش ھەمدە ئەقلىنىڭ بۇ ئايرىم ھادىسىلىرىدىكى ئومۇمىي قانۇنلىرىنى ئىزدەش ۋە ئېچىش دېمەكتۇر.

بېلىنسكىي

ئەلۋەتتە، تەنقىد — ئەبەدىيلىك بەدىئىي قانۇنىيەتنىڭ ئايرىم ئەسەرلەرگە تەتبىقلىنىشى بولۇپ، خۇددى ئەينەككە ئوخشاش ئاپتورنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە يېتىشسىزلىكىنى ئايان قىلىپ

كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇشى، ئۇنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشى ھەم كىتابخانىلارغا ماختاشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ماختىلىشقا تېگىشلىك بولغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. ھەقىقىي تەنقىد ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىم ئەمەسمۇ؟ شۇغىنىسى، شۇنى بىلىشىنىڭ كېرەككى، ساپلا نەزەرىيىۋى تەنقىدمۇ، خۇددى پۇل - مالنى قانداق تېپىش، ھالاۋەتنى قانداق كۆرۈش، ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىگە قانداق ئېرىشىش دېگەنلەرنىڭ نەزەرىيە قائىدىلىرىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەۋەرگەنگە ئوخشاش، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ن. ئا. دوبرولىيۇبوف

تەنقىدتىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى، قىسمەنلىككە مەستانە بولۇپ كەتمەي، بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قىسمى ئۈستىدە باھا بېرىپ چىقىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى چۈۋۈپ تاشلاپ، مۇشۇ ئىدىيە بىلەن ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە تۇرىدىغانلىقىنى، شەكىل گۈزەللىكى، ئىدىيە چىنلىقىنى قانچىلىك دەرىجىدە گەۋدىلەندۇرگەنلىكىنى، ئىدىيە چىنلىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەكىل گۈزەللىكىگە قانچىلىك دەرىجىدە ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەگەر مەسىلە بىر شائىرنىڭ پۈتكۈل شېئىرىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە بولىدىغان بولسا، ھازىرقى زاماندىكى تەنقىدتىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى تۆۋەندىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، يەنى پالانچىنىڭ مەزكۇر مەرسىيە ناخشىسىدا قەلب ۋە ھېسسىيات نەقەدەر مول بولغان - ھە؟! ئۇنىڭ پوئېمىسى

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى نەقەدەر تىترىتىدىغان مەنزىرىلەر بىلەن تولغان ـ ھە؟! ئۇنىڭ سەھنە ئەسىرىدىكى خاراكتېرىستىكىلار نې-مىدېگەن چىن ـ ئىنچىكە بولغان ـ ھە؟! دېگەنگە ئوخشاش شوئار-لاردىن بولماسلىقى كېرەك. ياق، ھازىرقى زاماندىكى تەنقىدتىن تە-لەپ قىلىنىدىغىنى شۇ بولۇشى كېرەككى، ئۇ، شائىرنىڭ ئەسە-رىنىڭ ئىچىنى چۆۋۈپ چىقىشى، ئۇنىڭ روھىنى كۆرسىتىپ بې-رىشى، ئەسەردىن شائىرنىڭ ھاياتىغا ۋە ھاياتىدىكى ئىدىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى يېتەكچى ئىدىيىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇ-نىڭ ئىچكى ئوي ـ خىياللىرىنى ۋە ھەقىقىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى نامايان قىلىشى ھەمدە ئېنىق ـ چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈ-رۈپ بېرىشى كېرەك.

بېلىنسكىي

تەنقىد تېخىمۇ ھەقىقىي بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا چىن مەنىسى بىلەن يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە يېڭى تەنقىدنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

لۇشۈن

ئادىل تەنقىد — كىشىنى كەمتەر قىلىدۇ، ئەمما ئادىل بول-مىغان ياكى پىتنە ـ ئۆسەك تىپىدىكى تەنقىد — كىشىنى تەكەب-بۇر قىلىپ قويىدۇ ياكى مەسخىرىچى قىلىپ قويىدۇ...

لۇشۈن

تەنقىد ئىشى تازىمۇ ئالدىراش بولىدىغان ئىش! ھەر كىم

پىكرىنى بايان قىلىۋەرسۇن، باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئويلىماي قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسۇن. باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك. ھەممەيلەننى ئوخشاش بىر خىلغىنا ئوي - پىكىردە بولۇشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ بىلەن ئوخشىمايدىغان پىكىرلەرگە رەددىيە بەرسەڭ بولۇۋېرىدۇ. لېكىن سېنىڭ پىكرىڭ بىلەن ئوخشىمىغانلىقى سەۋەبى بىلەنلا، خەققە زالىملىق بىلەن دەككە بەرمەسلىكىڭ كېرەك؛ ئەدەبىيات مۇناسىۋىتىدىن ئېشىپ چۈشكەن ھالدا، بىرىنى خەقنى دەپسەندە قىلماسلىقىڭ كېرەك. ئۇنداق قىلىش پايدىسى زىيىنىنى باسالمايدىغان بىر خىل غەرەزكى، سەن ئۆز پىكرىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك تەسىر قوزغىماقچى بولساڭ، ئاقىۋەتتە، ئۇنىڭ ئەكسىچە پۇت قويغۇدەك ھەرقانداق ئورنۇڭدىنمۇ قۇرۇق قېلىشىڭ ئېھتىمال.

بېلىنسكىي

كىتابخانىلار جامائەتچىلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ جانلىق ئالاقىسى بار: كېيىنكىسى ئىشلەپچىقارغۇچى، ئالدىنقىسى ئىستېمال قىلغۇچى؛ كېيىنكىسى ئارتىس، ئالدىنقىسى ئۆزىنىڭ ئەكس ساداسى ۋە قىزغىنلىقى ئارقىلىق ئارتىسلارنى مۇكاپاتلايدىغان تاماشىبىنلاردۇر، ئەدەبىيات ئۇلارنىڭ ھۆنىرى، بايلىقىدۇر؛ ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالايدۇ. ئۇ ئەسەرلەرگە قىممەت بېرىدۇ، ئۇلار ھەم چاكىنا - پۇچەك ئاپتورنى ئۆستۈرۈپ قويمايدۇ، ھەم ھەقىقىي تالانتنى ئۇن - تىنسىز ھالدىلا كۆمۈپ قويمايدۇ. كى-

تابخانىلار جامائەتچىلىكىنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئو-
قۇش – تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ دەم ئېلىش ئەمەس،
لەززەتلىك غىزادىن كېيىن بىر ئىستاكان قەھۋەنى ئېلىپ، يۇمشاق
لۆم – لۆم ئورۇندۇقتا شېرىن ئېزىلىپ ئولتۇرۇشمۇ ئەمەس – ياق،
ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ... جامائەتنىڭ ئە-
شى، چوڭ ئىش، ئالىيجاناب روھىي خۇشاللىق ۋە جۇشقۇن قىز-
غىنلىقنىڭ بۇلىقىدۇر. گەرچە كىتابخانىلار جامائەتچىلىكى سان –
ساناقسىز كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا تارى-
خىي يوسۇندا تەرەققىي قىلغان، جانلىق ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە ئا-
لاھىدە خاھىش، قىزىقىش ۋە شەيئىلەرگە نىسبەتەن كۆز قارىشى بار
بىر پۈتۈن گەۋدە. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتابخانىلار جامائەتچىلىكى ئە-
دەبىياتنى سىرتتىن كەلگەن، تاسادىپىي قىستۇرۇلۇپ كىلىپ قال-
غان بىر دۆۋە كىتاب ۋە ژۇرناللار دەپلا قارىماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ
نەرسىسى، ئۆزى بىلەن قان – قېرىنداش نەرسە دەپ قارايدۇ. كىتاب-
خانىلار جامائەتچىلىكى بولغاندىلا، يازغۇچى جەزمەن خەلقنىڭ دۇنيا
قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەزمۇننى ئىپادىلىيەلەيدۇ. كىتاب-
خانىلار جامائەتچىلىكى ئۆزىنىڭ غەمخورلۇقى، قىزغىنلىقى ياكى
نارازىلىقى ئارقىلىق ياكى ئۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى
جەريانىدا مۇشۇ ئالىيجاناب نىشانغا قانچىلىك دەرىجىدە يەتكەنلى-
كىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىتابخانىلار جامائەتچىلىكى بولغاندىلا،
ئېنىق ھالدا ئىپادىلەنگەن جامائەت پىكرى بولىدۇ، توغرىدىن –
توغرا تەنقىد بولىدۇ ۋە ئۇ بۇغدايىنى چۈزگۈن ئوتتىن پەرقلەندۈرۈپ
چىقىدۇ ھەمدە ناقابىل چاكىنىلارنى ياكى كۆز بوياမچى –

ئالدامچىلارنى سۆكۈپ ئەيىبلەيدۇ. كىتابخانىلار جامائەتچىلىكى ئە-
دەبىياتنىڭ ئالىي سورتىدۇر، ئالىي ھۆكۈمچىسىدۇر.

**بېلىنسكىي**

مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئوقۇشقا بولىدىغان كىتابلار ئارىسىدا
تامامەن مۇكەممەل كىتاب ھەرگىز بولمىسا كېرەك، كامالەتكە
يەتكەن ئادەممۇ ھايات ئادەملەر ئارىسىدا بەك ئاز. ھەر بىر كىتابتا شۇ
كىتابنى كۆرگەن ھەر بىر ئادەم توغرا دەپ قارايدىغان يەرمۇ، خاتا
دەپ قارايدىغان يەرمۇ بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە بۇنىڭدىن ساقلىنىش
ناھايىتى تەس.

**لۇشۈن**

يارامسىز ئەدەبىي ئەسەر ئېچىلىپلا توزۇغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

**گويەن**

يازغۇچىنىڭ ۋىجدانى ئۇنىڭ يازغان كىتابىدا.

**ل. تولستوي**

يازغۇچىمۇ بوۋاققا ئوخشايدۇ. بوۋاقنىڭ يۆگەكتىن يەرگە
چۈشۈپ ماڭغۇدەك، يۈگۈرگۈدەك بولۇشى ئۈچۈن بىر جەريان كې-
رەك، ئۇ ھەرگىز تۇغۇلۇپلا چوڭ ئادەمگە ئايلىنىپ قالمايدۇ.



**ما گۇاڭفۇ**

تالانت ئىشقا بولغان مۇھەببەت تۈيغۇسىدىن راۋاجلىنىدۇ. تا-
لانت —ئۆز ماھىيىتى جەھەتتىن — پەقەت ئىشقا، ئىش ئۇنىڭغا
بولغان مۇھەببەتتىن ئىبارەت دېيىش مۇمكىن. ناۋايدىن ئادەملەرنى

ھۆرمەتلەش تەلەپ قىلىنغىنىدەكلا يازغۇچىدىنمۇ كىتابخانىنى ھۆرمەتلەش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ئەگەر ناۋاي خېمىرنى ئوبدان يۇغۇرمىسا، ئەگەر ئۇنىڭ قولىدىن خېمىرغا كىر ۋە ئىپلاس نەرسىلەر چۈشسە — دېمەك، بۇنداق ناۋاي ئۆزىنىڭ نېنىنى يەيدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئويلىمىغان، يا بولمىسا ئۇلارنى ئۆزىدىن پەس ھېسابلىغان بولىدۇ... شۇڭا، يازغۇچى ئەسەر يازغىنىدا كىتابخاننى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇشى كېرەك.

گوركىي

ئىجادىيەت بەرىبىر ئىجادىيەت، ئۇنىڭدا خەق نېمىنى دېسە، شۇنى دېگىلى، خەق ماڭغان يولغا ماڭغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە غەلىتە مىجەزىم بار، ئۇ بولسىمۇ، باشقىلار يېزىپ بولغان نەرسىنى زادى قايتىلىماسلىق.

جاۋ شۇلى

ئاشىق - مەشۇقلار بىر - بىرسى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆز سۆيگۈسى ھەققىدە ھەممىدىن ئاز سۆزلەيدۇ. پۈتۈنلەي باشقا، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر توغرىسىدا بولسا كۆپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار بىر - بىرسىنى گەپ - سۆزسىز چۈشىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ماھارىتىمۇ ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن تۇرۇپ، كىتابخانغا ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بېلىنسكىي

يېزىش ماھارىتى يېزىشقا ئۇستا بولۇشتىلا ئەمەس، بەلكى يامان يېزىلغانلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ماھىر بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئا. پ چېخوف

ياخشى يېزىش سەنئىتى نېمە يېزىش كېرەكلىكىنى بىلىشتىلا ئەمەس، نېمىنى يازماسلىقنى بىلىشتىدۇر؛ ھەرقانداق گېنىئال قوشۇپ قويۇشمۇ ئېلىپ تاشلاشتىن ياخشىراق پايدا بېرەلمەيدۇ.

ل. تولستوي

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چىنلىق تۇيغۇسى ۋە خاسلىقنى ئىپادىلەشنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلەيدىغان ھېچنېمە يوق. ئەگەر يازغۇچىدا بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەسەر يازغىنىدىن كۆرە شام ساتقىنى تۈزۈك.

ئېمىل زولا

بەدىئىي كۈچ چىنلىقتا ۋە ئۇنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈشتە نامايان بولىدۇ ... بەدىئىيلىك ئەسەرنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدا، ئوبرازلىرىدا ئۆز پىكرىنى شۇ دەرىجىدە يارقىن ئىپادە قىلىش قابىلىيىتىدىكى، يازغۇچى يېزىۋېتىپ قانداق ئويلىغان بولسا، ئوقۇغۇچى ئوقۇۋېتىپ ئۇنى شۇنداق چۈشىنىدىغان بولسۇن.

دوستويېۋسكي

ئۆزى پىششىق بىلمەيدىغان تۇرمۇشنى زورمۇ زور يازغان يازغۇچىدىن ئونى بولسا، توققۇزى مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

تۇرگېنىف

بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ، كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقنى ئىگە بولالماي قالىسىز. ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك، نۇرغۇن گۈل - چېچەكلەردىن ئوزۇقلانغاندىلا، ئاندىن ھەسەل چىقارغىلى بولىدۇ، ئەگەر بىر جايغىلا قونۇۋالسا، ئۇنۇمى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، مەززىسىز بولۇپ قالىدۇ.

لۇشۈن

ياش يازغۇچى ھەقىقىي بىر ئىنسان، ھەقىقىي بىر جەڭچى بولۇپ يېتىشىپ چىققاندىلا ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە يېتىلىپ چىققان چېغىدىلا، ئاندىن ھەقىقىي يازغۇچى بولالايدۇ ...ئەڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەر قاتارىدا تۇرۇپ، كۆرەش قىزغىنلىقىغا تولغان ھالدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە مەغلۇبىيەتتىن ئازابلىنىدىغان، غەلىبىدىن خۇشاللىنىدىغان بولغاندىلا، ھەقىقىي، تەسىرلىك ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ.

ئوستروۋسكىي

تالانت تەلەپ قىلىدىغان دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى نەرسە ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈشتۇر.

گيوتى

خەلق يازغۇچىدىن ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بىرلىكتە تېتىپ كۆرۈشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى كۆڭۈلدىكىدەك قوزغىتىش ۋە جۇشقۇنلىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، خەلق يازغۇچىدىن ئۆزلىرىنى روھلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ھېنرىخ ھېينى

ئەدەبىي ئەسەردىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىدۇر.

ل. تولستوي

يىراق سەپەرگە ئاتلانغان كىشى زادى بىرەر بوران - چاپقۇن، خىيىمخەتەرگە يولۇقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك بولغىنىدەك، يازغۇچىلارمۇ تەنقىدچىلەرنىڭ ئوت كۆچىگە ئۇچراش ئىرادىسىگە كەلمەي تۇرۇپ، يېزىشقا تۇتۇش قىلماسلىقى كېرەك.

بالزاك



ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىن باتۇرلۇق ئۇرۇقى بولىدۇ. ئۇ بولمىسا ئىقتىدار بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

گيوتى

ھەقىقىي سەنئەت ساھەسىدە تەييارلىق مەكتىپى بولمايدۇ،

ئەمما ئەڭ ياخشى تەييارلىق ئۇسۇلى بولىدۇ. ئۇ بولىسىمۇ، مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئەڭ كەمتەر شاگىرتلارچە قىزىقىشتا بولۇشتۇر. بوياق، خورۇچلارنى ئاشۇنداق ئېزىپ بارىدىغانلار كاما-لەتكە يەتكەن رەسساملاردىن بولۇپ چىقالايدۇ.

گيوتى

كەلگۈسى پەقەت ئۇسلۇبقا ئىگە كىشىگىلا مەنسۇپ بولىدۇ.

ۋىكتور هيوگو

ئەدەبىي تالانت ئىگىلىرىدىكى، شۇنداقلا جىمىكى تالانت ئە-گىلىرىدىكى مۇھىم نەرسە ئۆز ساداسى ئىكەن دەپ ئاتىغىلى بولى-دىغان بىر خىل نەرسىدۇر.

تۇرگېنيېف

كىشىلەر يېزىقچىلىق بىلەن خۇددى نەپەس ئالغاندەك شۇ-غۇللىنىشى كېرەك. نەپەسنى ھەردائىم تەكشى ئالغاندىلا، ھەم راۋان، ھەم رىتىملىق بولىدۇ ـ دە، تەبىئىي تۇيۇلىدۇ. مانا بۇ گۈزەل ئۇسلۇبنىڭ سىمۋولىدۇر.

رېنارد



ئىلگىرى ئۆزىگە يېرىم يات بولغان فورمىلار بىلەن پۈركەنگەن ھاياتتا مىللىي خۇسۇسىيەتلەرنى تېپىش — بۇنىڭ ئۇچۇن شائىردا (يازغۇچىدا) زور تالانت بولۇشى ۋە ئۇ چىن يۈرىكىدىن مىللىي بولۇشى كېرەك.

بېلىنسكىي

ھەقىقىي مىللىيلىك ساراپاننى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت ئە-
مەس، بەلكى خەلقتىكى روھنىڭ ئۆزىدە.

گوگول

پۈشكىننىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ماھارەت يۈكسەكلىكىنىڭ سىرى
—ئۇنىڭ رۇس ۋەقەلىكىگە پىششىق بولغانلىقى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك.

بېلىنسكىي

مىللىيلىك —پوئېتىك ئەسەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەزىلەتلى-
رىنىڭ بىرى.

رودان

ھەر بىر خەلقنىڭ مىللىيلىك سىرى ئۇنىڭ كىيىمى ۋە تا-
ئامىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەرسىلەرنى چۈشىنىش مۇناسىۋىتىدە
بولىدۇ.

گوگول

ھەرقانداق خەلقنىڭ ئىككى خىل ئەنئەنىسى بار. بىرى، ئىل-
مى، كىتابى، تەنتەنىلىك، شاۋكەتلىك ئەنئەنىسى، يەنە بىرى، كۈن-
دىلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى ئەنئەنىسى. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ
ئىككى تۈرلۈك ئەنئەنە بىر-بىرىگە يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
جەمئىيەتنى تەسۋىرلىمەكچى بولغان كىشى بۇلارنىڭ ھەر ئىككى-
سى بىلەن تونۇشمىقى لازىم. بولۇپمۇ كېيىنكىسىنى كۈچ سەرپ

قىلىپ ئۆگەنمىكى كېرەك.

بېلىنسكىي

«سەنئەتنىڭ مىللىيلىكى» — بۇ ئىنتايىن مۇھىم، مەڭ-گۈلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە. بۇ مەسىلىگە سەل قاراشقا، بى-پەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە پۈتكۈل مىللەتكە، شۇنداقلا مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا بىرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.

تارىخي تەرەققىيات نەتىجىسىدە، بىزنىڭ بۇ يەر شارىمىزدا پۈتۈن مىللەتتىن ۋە پۈتۈن ئىنساندىن بىرلىككە كەلگەن خەلق ئامىمىسى بولمىدى، پەقەت ئايرىم - ئايرىم مىللەتلەرلا بولدى. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېرى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت بايلىقى بولىدۇ. ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مۇزىكى-سى، ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرى، كىتابلىرى، رەسىملىرى بىر خىل سەنئەت. مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە باشقا مىل-لەتلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولال-غىنىدا، بىز ھەر بىر كىشى مىللىي غۇرۇرغا ۋە ئىپتىخارلىققا چۆمىمىز. مىللىي مەدەنىيەت — تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلى-دىغان بۇ كارتوچكا ھەممىلا جايدا باشقىلار تەرىپىدىن پەرق ئېتە-لىشى كېرەككى، كىشىلەر دەرھاللا مانا ماۋۇ گىروزىيە ناخشىسى، ماۋۇ ئەرمىنىيە ئۇسسۇلى، ماۋۇ ئۆزبېك شېئىرى دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ جەھەتتە سۈبيېكتىپ بىر تەرەپلىمە قاراشقا، ئۇستۇنلۇك تالىشىدىغان كەيپىياتقا يول قويۇ-غىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدە باشقا مىللەتلەرنى

چەتكە قاقماسلىق، باشقا مىللەتلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىك ياكى ئۇنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىمىز، خۇسۇسىيىتىمىز بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت سەنئىتىگە گۈل ـ نەقىش سىزىشىمىز، رەڭ ـ تۈس بېرىشىمىز لازىم. بۇ ئەڭ ئالىيجاناب مەقسەت!

**چىڭغىز ئايتماتوف**

مەن ئەسەر يازغىنىمدا، بىرىنچى جۈملىنى قانداق يېزىش ئۈستىدە ئۇزۇن باش قاتۇرىمەن. شۇ كىتابىم ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان، مەلۇم جەھەتتە شۇ كىتابنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان بىر قانچە ئېغىز گەپ تېپىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە باشلىنىشتىنلا كىتابخانلارنى قىزىقتۇرىدىغان گەپلەرنى تېپىشقىمۇ تىرىشىمەن. لېكىن ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويىمەن. ئىشقىلىپ قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى پۈتۈنلەي دىتلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قانداق باشلاش ھەققىدە ئىزدىنىمەن.

**چىڭغىز ئايتماتوف**

بەزىلەر ھەتتا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىق مىللىي شەكىل ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. كەلگۈسىدە يوقىلىدۇ. يەر شارى خاراكتېرلىك زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن سەنئەت دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەن بۇنداق قاراشقا قارشى تۇرىمەن. مېنىڭچە سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق مۇھىم مەنبەسى بولمىسا، سەنئەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ۋەھالەنكى بۇنداق

مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى دەل مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللەتكە خاس ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت.

چىڭغىز ئايتماتوف

ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئادەم. ئادەم، باشقا ھەر قانداق نەرسە ئەمەس. پەقەتلا ئادەم ھاياتلىقىقا قارىتا ئۆز چۈشەنچىسى بار، مول روھىي دۇنيا بىلەن تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە باي تەقدىرنى بىرلەشتۈرەلىگەن ئادەملا ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ. كىتابخانىلارنىڭ كىتابتىن ئۆگىنىدىغىنى تۇرمۇش ئەمەس، ھېسسىيات. مېنىڭچە، ئەدەبىيات ئالدى بىلەن ھېسسىياتنى تەربىيىلىشى، ئالدى بىلەن سەمىمىي پاك، ئالىيجاناب ھېسسىياتنى تەربىيىلىشى، ئۆز ۋەتىنىگە ۋە ئۆز خەلقىگە بولغان، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇپ چىققان، ئەڭ چىن ۋە سەمىمىي بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تەربىيىلىشى كېرەك.

راسپوتىن

مۇبادا، بىر ساھىبجامالنى سىزىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنى ھۆسن ـ جامالدا تەڭدىشى يوق، بۇ دۇنيادا ئۆرنىكى يوق قىلىپ سىزماسلىق كېرەك ...رەسسام ماڭا ئۇنى ماڭلىيىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە يارا ئىزى، ئېڭىكىدە كىچىككىنە تارتۇقى، ئاستىنقى كالپۇكىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس يارىسى بار قىلىپ سىزىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بۇ سۈرەت بىر خىل غايىدىن بىردىنلا ئادەم سۈرىتىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ياكى قاڭشىرىنىڭ سىڭا تەرىپىدە كىچىككىنە چېچەك

ئىزى بولسا، بۇ ئايالنىڭ قىياپىتى مۇھەببەت ئىلاھى ۋېناسنىڭ قىياپىتىگە ئەمەس، بەلكى قوشنىلىرىم ئىچىدىكى قىزلارنىڭ بىرەرسىنىڭ سۈرىتىگە ئوخشىغان بولىدۇ.

دىدېرو

ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جەۋھەرلەرنى يىغىپ قوشۇپ قويسا، ھەرگىزمۇ تىپ بولمايدۇ، بۇ خۇددى ئىسپىرتنى ھاراقتىن چەكلەپ ئايرىۋالغانغا ئوخشاپ قالىدۇ، ھاراق ئىسپىرتقا ئايلانغان ھامان ھاراقلىق سۈپىتىنى يوقىتىدۇ. ھاراقنى ئىچكىلى بولىدۇ، قېنى، كۆرۈپ باقايلى، كىم ئىسپىرتنى ئىچىپ باقىدىكىن؟

چېرنىشېۋسكىي

قەلب گۈزەللىكى چىراي گۈزەللىكىدىن تولىمۇ قىممەتلىك دەپ بىلىشنى جەزمەن ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئەگەر بىر گۈزەل قەلب ئىگىسىنى ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭ، شۇ ئارقىلىق ياشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان قائىدە-يوسۇننى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىڭ كېرەك.

ئەپلاتون



سەنئەت — رېئاللىقنىڭ كۆچۈرمىسى. شۇڭا سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى رېئال مەۋجۇدىيەتنى نامايان قىلىپ بېرىشتۇر.

بېلىنسكىي

پەقەت گۈزەل ئادەملا ياخشى ناخشا ئېيتالايدۇ. مەن دەۋاتقان گۈزەل ئادەم تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەمدۇر.

گوركىي

مەن سەنئەتكارمەن، مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم گۈزەللىكنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتى.

ل. تولستوي

گۈزەللىككە چىنلىق نۇرلىرى قوشۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئەسلىدىكىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ.

شېكىسپىر

ھەربىر ئادەم بىر مۇكەممەل گەۋدە، ئۇنىڭ ئۆزى بىر ئالەم، ھەربىر ئادەم مۇكەممەل ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ھەرگىزمۇ يەككە-يېگانە خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەسەلگە ئوخشايدىغان بۇيۇم ئەمەس.

گېگېل

شېئىرىي (بەدىئىي) ئەسەرلەر بىلەن مەخسۇس نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى... سەنئەتكار بىلەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىدىكى پەرققە ماس كەلگەن بولىدۇ؛ ئالدىنقىسى كونكرېت پىكىر قىلىدۇ، ھېچقانداق ئايرىم ھادىسە، ئايرىم ئوبرازنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، كېيىنكىسى بولسا، تىرىشىپ ھەممىنى يىغىنچاقلايدۇ، ئايرىم

ئالامەتلەرنى ئورتاق فورمۇلىغا سىڭدۇرۇۋېتىدۇ.

ن. ئا. دوبروليۇبوۋ

ئىدېئاللار رېئاللىق ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ، ئۇ خالىغانچە فانتازىيە ئويۇنى ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا ئىدېئال — رېئاللىقنىڭ كۆچۈرۈلمىسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئەقىل ئارقىلىق بايقالغان، فانتازىيە بىلەن تىكلەنگەن ئۇ ياكى بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش ئىمكانىيىتىدۇر.

بېلىنسكي

ئەسەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى پەقەت تىپلاردا ۋە خاراكتېرلاردىلا مەيدانغا كېلىدۇ، شۇنداق، ھەممە ۋاقىت مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

دوستويېۋسكي

ئىلھام كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نامەلۇم تەسىر تەرىپىدىن ئويغىتىلغان جاننىڭ زېھنىي كۈچىدۇر.



بېلىنسكي

بەدىئىي ئوبراز — ھەممە ۋاقىت دېگۈدەك ئىدىيىدىن چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ، ئادەمنى ئۇنىڭ دۇنياسىدىكى ھەممە مۇرەككەپلىكى، ھېسسىيات ۋە پىكىرلىرىدىكى بارلىق قارىمۇ قارشىلىقى بىلەن

بىرلىكتە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گوركىي

بەدىئىي ئەسەر نىمىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، قانداق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە قانچىلىك چىن قەلبتىن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ياخشى ياكى يامان بولىدۇ. بۇ ئۈچ شەرتنىڭ ئاخىرقىسى مۇھىم، چۈنكى ئۇنىڭسىز، يەنى ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقان نەرسىگە مۇھەببەتسىز، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭغا سەمىمىي، ھەققانىي مۇناسىۋەتسىز سەنئەت ئەسىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ل. تولستوي

تالانت ئىگىسى بىلەن ئاددىي ئادەمنى، ئاددىي ئادەم بىلەن ئەخمەق ئادەمنى ئايرىپ تۇرىدىغان سۈپەت — تەسەۋۋۇر كۈچىدۇ.

دىدېرو

يازغۇچى مۇستەقىل پىكىر قىلىشى كېرەك، مۇستەقىل پىكىر قىلالمىسا، يازغۇچى بولىمەن دېمىسىمۇ بولىدۇ.

لى جۇن

خاراكتېر ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىنى يارىتىش، خاراكتېر توقۇلۇشنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ غەرەزدىن تاشقىرى يەنە، مەندە تارىخنى ئىپادىلەشتەك بىر غەرەزمۇ بار.

ل. تولستوي

تالانت ئىگىلىرى ھەرقانچە لاپ ئۇرسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا

يەنىلا قورۇقتىن ـ قورۇق ئىجاد قىلالمايدۇ.

لۇشۈن

سەنئەتكار ئۆز مەملىكىتىنىڭ، ئۆز سىنىپىنىڭ سەزگۈسى، قۇلىقى، كۆزى ۋە يۈرىكى، ئۇ ئۆز زامانىنىڭ ئاۋازى بولۇشى كېرەك.

گوركىي

ئازراق نەرسىنى كۆرۈۋېلىپلا يېزىشقا چۈشمەسلىك لازىم.

لۇشۈن

ھۆرمەتلىك «قەلەمداشلىرىم» مېنىڭ پىكرىمچە ئۆز شۆھرەتلىرىگە ناھايىتى يات مەست بولۇشۇپ ئۆز «مەنمەنلىكى» نى ناھايىتى قويۇق ئېلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ياش يازغۇچىلارغا شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، شۆھرەت — لاي رەڭگىدىكى ۋە چۇچۇمەل تەملىك سۇيۇقلۇق بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، ئاجىز ياشلارغا يامان تەسىر قىلىدۇ ۋە خۇددى «پىۋىغا» ئوخشاش ناھايىتى ئېغىر مەستلىككە سەۋەب بولىدۇ. بۇ دورىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، يەنى يىلىغا بىر چاي قوشۇقىدا بىر قېتىم ئىستېمال قىلىش كېرەك. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا يۈرەكنى ماي باسىدۇ، تەكەببۇرلۇق ئىششىقلىرى پەيدا قىلىدۇ، كىشىنى چوڭچىلىققا، مەنمەنچىلىككە، تاقەتسىزلىككە ۋە ئومۇمەن باشقا كېسەللىكلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

گوركىي

مەن بايان قىلمايمەن، چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمايمەن، پەقەت ئىسپاتلاپلا بېرىمەن. باش قەھرىمانىم مەن ئۇچۇنلا سۆزلەپ بېرىدۇ.

**ل. تولستوي**

قەلەم بىلەن خاتىرە دەپتىرىمنى يېنىمدا دائىم ئېلىپ يۈرەتتىم، كىتاب ئوقۇغىنىمدا ياكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە، ئۇچرىغان ئوبدان جاي ۋە سۆزلەرنى يېزىۋالاتتىم.

**ل. تولستوي**

سەنئەت ئەدىيىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشىدۇر.

**بېلىنسكي**

ئەگەر سىلەر دۇكانچىنى تەسۋىرلىمەكچى بولساڭلار، بۇنى شۇنداق قىلىش كېرەككى ئىكەنكى، بىر دۇكانچى ئارقىلىق ئوتتۇز دۇكانچى تەسۋىرلەنسۇن، بىر پوپ ئارقىلىق ئوتتۇز پوپ تەسۋىرلەنسۇن. ئەگەر بۇ ئەسەر خىرسوندا ئوقۇلسا ئۇنىڭدا خىرسۇن پوپى ياكى ئارزاماستا ئوقۇلسا، ئارزاماس پوپى كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىغا روشەن كېلىدىغان بولسۇن.



**گوركي**

مەنزىرە تەسۋىرى ئالدى بىلەن شۇ قەدەر چىن ۋە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، كىتابخانىلار ئۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن كۆزىنى يۇمۇۋېلىپلا، سىز تەسۋىرلىگەن مەنزىرىلەرنى دەرھال تەسەۋ-

ۋۇر قىلالايدىغان بولسۇن؛ خۇنۇك نۇر، سۇررەڭ، كۆلچەك، نەم-
خۇشلۇق، سۇۋادان تېرەكنىڭ ئاقۇشلىقى، بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن
ئاسمان، قۇشقاچلار، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتلاق قاتارلىق
ئامىللارنى بىر يەرگە جۇغلاپ قويۇشمۇ ھېچقانداق مەنزىرە كۆرۈ-
نۇشى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈم بولغىنى بىلەنمۇ، بۇ
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرىكتۈرۈپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلان-
دۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

ئا. پ. چېخوف

بىر گرام دورا قېزىشقا بىر يىل ئەمگەك قىلىشقا توغرا
كەلسە، شېئىر يېزىشتا بىر سۆز ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن مىڭ
توننىلاپ دورا قېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماياكوۋسكي

تىلنىڭ توغرىلىقى — ئېسىل ئۇسلۇبنىڭ ئاساسىدۇر.

ئارىستوتېل

يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئىنتايىن ئىخچام سۆز ئارقىلىق ئە-
دىبىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرەلىشىدە.



لاۋشې

ياش يازغۇچىلار، دېھقانلار تىلىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، سىلەر
ئۇنىڭدىن ژۇرناللاردىن تاپالمايدىغان تالاي-تالاي نەرسىلەرنى ئۆ-
گىنەلەيسىلەر.

ياش يازغۇچىلار، سىلەر رۇس تىلىنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ئۈچۈن، خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار.

پۇشكىن

كىشىلەرگە تونۇش بولغان تىلنى قوللىنىشىمىز كېرەك... بۇ، يازغۇچى مەنسۇپ بولغان مەلۇم ئالاھىدە سىنىپنىڭ تىلى بولماستىن، بەلكى جەزمەن ئادەتتىكى خەلقنىڭ تىلى بولۇشى كېرەك.

شىللېي

خەلق ئۈچۈن يېزىشتا، ئۇلار قىلىدىغان گەپلەر بىلەنلا يازماستىن، بەلكى ئۇلار ئىشلىتىشنى خالايدىغان تىل بىلەن يېزىش كېرەك.

ئوستروۋسكىي

جىمىكى نەسرىي - نەزملەر قەغەزدە ياتىدىغان بولماستىن، ئۆرە تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك، ئادەم ھايات بولسا، ئۆرە تۇرالايدۇ، ئۆلگەندە يېتىپ قالىدۇ، يېزىقچىلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

يۈەن مۇ

كىشىلەرنى قايىل قىلىشتا گەپنىڭ رولى ئالتۇندىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

دېموكرىت

كۆزنى ئەڭ تاكامۇللاشقان سەزگۈ ئەزا دېيىشكە بولار، ئۇ

ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئەڭ ئاسان ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما ئىچكى سەزگۈ ئەزالار ئۇنىڭدىنمۇ تاكامۇل بولىدۇ. ئەڭ مۇكەممەل تىل ۋاستىسى بىلەن شەيئىلەر ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىچكى سەزگۇ ئەزاغا يېتىدۇ، چۈنكى تىل ھەقىقەتەنمۇ چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدۇ.

گيوتى

شېئىرىي ئەسەردە ھەربىر سۆز، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ئېھتىياجلىق بولغان مەنىنى تولۇق ئىچىپ بېرىشكە پۈتۈن كارامىتى بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەككى، ئوخشاش بىر خىل تىلدىكى باشقا ھەر قانداق سۆز ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان دەرىجىدە بولسۇن.

بېلىنسكىي

مەيلى قايسى زامان ۋە قايسى ماكاندا بولسۇن، نەسرىي ـ نەزمىلەر قايىل قىلارلىق بولۇشى، غەم ـ ئەلەملەر تەسىرلەندۈرەرلىك بولۇشى، غەزەپ ـ نەپرەتلەر چۈش قوپال بولۇشى، ئەقىل ـ پاراسەت ئېغىر ـ بېسىق، سالماق بولۇشى كېرەك.

ۋولتېر



يازغۇچىلارنىڭ تىلى ئۆزلىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرىنىڭ تىلىدا شېئىرىي پۇراق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تىلى نەسرىي تۈس ئالغان بولىدۇ. شېئىرىي پۇراق قويۇقلىشىپ كەتسە، قاتماللىققا گىرىپتار قىلىدۇ ـ دە، ئىشنىڭ

يۇرۇشى، تەسۋىرنىڭ تەبىئىي بولۇشى تەسلىشىدۇ. تولىمۇ نەسر-لىشىپ كەتسە، چىچىلاڭغۇلۇق كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، ئىشنىڭ يۇرۇشىمۇ چۇۋالچاقلىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەسۋىر مې-غىزلىق بولالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەڭ ياخشىسى، ئىخچام، ئاھاڭدار، مۇستەھكەم، تەبىئىي بو-لۇشى كېرەك. ھەرقانداق بىر ئوبيېكتنى — مەيلى ئۇ ئوبيېكتىپ مەنزىرە بولسۇن ياكى سۇبيېكتىپ ھېسسىي كەيپىيات بولسۇن — ئەڭ تېجەشلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. تىلنىڭ مەنىسىدىن باشقا ئۇنىڭ رەڭدارلىقى، ئىنتوناتسىيىسى، تەسىرچانلىقى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىش كېرەك. ئوخشاش مەنىدىكى سۆزنىڭ روشەن ياكى تۇتۇق، قاتتىق ياكى يۇمشاق، جاراڭلىق ياكى چۈشكۈن بولۇشتەك پەرقلىرى بولىدۇ. تەسىرلىك سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدا مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

گومورو

ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى — سۆزدۇر. ئۇ بىزنىڭ ھەممە تەسىراتلىرىمىزنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى، پىكىرلىرىد-مىزنى شەكىلگە سالىدۇ. ئەدەبىيات — بۇ سۆز ياردىمى بىلەن جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەش سەنئىتىدۇر. سۆزنىڭ مەنە ۋە ئوبراز بىلەن تولدۇرۇلۇشى قانچىلىك ئاددىيراق، روشەنرەك ۋە ئېنىقراق بولسا —مەنزىرىنى تەسۋىرلىشى ۋە ئۇنىڭ كىشىگە تەسىر كۆرسىتىشى، كىشى خاراكتېرىنى ھەمدە كىشىنىڭ ئادەمگە

مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش شۇنچىلىك مەھكەمرەك، ھەقىقانىيراق ۋە بەر قارارراق بولىدۇ، كلاسسىكلار بىزگە شۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ.

گوركىي

تىلنىڭ مەنىسىز سۆزلەر بىلەن ئىپلاسلاندۇرۇلۇشى سىنىپىي دۇشمەنچىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. چۈنكى، بۇ نەرسە نەپرەت، كۆزگە ئىلماسلىق، كۈلكىلىك ئىستىھزا شەكلىنى ئالىدۇ.

گوركىي

سۆز سەنئىتى — فولكلوردىن باشلىنىدۇ. فولكلورلارنى توپلاڭلار، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىڭلار، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىڭلار. فولكلور سىلەرگىمۇ، بىزگىمۇ، پۈتكۈل شائىر، پروزا ئىگىلىرىگىمۇ ئىنتايىن كۆپ ماتېرىيال بېرىدۇ. بىز ئۆتمۈشنى قانچىلىك ياخشى بىلسەك، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى شۇنچىلىك يېنىك، چوڭقۇر ۋە ياخشى چۈشىنىمىز.

گوركىي

بالىلار ئوقۇشلۇقى ئۆزىنىڭ كىچىك كىتابخانلىرىغا ھەنىۋا نەرسىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك. ئەمما ئۇنىڭدا جاھاندارچىلىق قىلىش ھەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى ئېيتىش، سوغۇق پوزىتسىيە بىلەن تەنبىھ بېرىش، مەنىسىز ھېكايە سۆزلەپ بېرىشتەك شەكىللەرنى قوللانماستىن، بەلكى ھېكايە سۆزلەش، رەسىم

سىزىشتەك شەكىللەرنى قوللىنىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق شەكىل جانلىق، ئېتىك، جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، شوخلۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، ئىللىق مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. تىلى يېنىك، شوخ، تەبىئىي ۋە راۋان بولىدۇ. زوق - ئىشتىياق مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ مۇرادىغا يەتكەن گۈل - چېچەكلەرگە ئوخشاش ساددا تۇس ئالىدۇ.

جانلىق، جۇشقۇن، شېئىرىي تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تەسەۋۋۇر كۈچى بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسىنى يېتىشتۇرۇشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر ئىچىدە بولمىسا بولمايدىغان ياكى كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر. بالىلار يازغۇچىسى خىيال ئارقىلىق بالىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

بېلىنسكي

بالىلار ئەدەبىياتىدا تەنبىھ - تەربىيە جەزمەن بولۇشى كېرەك، ئەمما ئۇنداق تەنبىھ - تەربىيە ئەسەردە گويا كالۋا ۋە ھورۇن ئاشپەز خوتۇن قايناتقان شورپىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن مايغا ئوخشاش بولماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە تەبىئىي ھالدا سىڭىشىپ كەتكەن بولۇشى، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتتە بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك.

كىتابخانىنى قىزىقتۇرۇش كېرەك! ئۇنى ئىلىم - پەن دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «قارىغىنا، ئۇ نېمىدې-

گەن قىزىقارلىق ھە! سەن تەتقىق قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئىكەنغۇ!» دەپ كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك! ئىلمىي ئەدەبىيات ــ سەنئەت كىتابلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

يېلىن

مەسەل تەن بىلەن جاندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بايان قىلىنغان ھېكايە تەن بولسا، كىشىلەرگە بەرگەن ساۋاق جانغا ئوخشايدۇ.

جاپىڭدەن

بىز بالىلىرىمىزنى چوڭلارنىڭكىدىن ناچار بولغان يېمەك-لىكلەر بىلەن باقساق بولمايدۇ؛ بالىلار ئوقۇشلۇقى ساددا، يارقىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىدىيە جەھەتتە ئاددىيلىقتا ۋە ھېسسىيات جەھەتتە گادايلىشىشقا ئېلىپ بارمايدىغان بولۇشى كېرەك.

مارشاك

بىز ئۆسمۈر ـ بالىلارنىڭ ماددىي ئوزۇقلۇقى كەملىكىدىن كوچىمۇ كوچا يۈرىدىغان سەرگەردانلاردىن بولۇپ قېلىشىغا يول قويالمايمىز. بىز ئەمدى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىۋى ئوزۇقلۇق كەملىكىدىن مەنىۋى جەھەتتىكى سەرگەردان بالىلاردىن بولۇپ قېلىشىغا چىداپ تۇرالايمىزمۇ؟!

گومورو

بالىلار ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنىڭ جىمىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى

ھازىرلىغان بولىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئۆسمۈر ـ باللاردۇر. شۇڭا باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە باللا-رنىڭ ھەممىۋا خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ياش خۇسۇسىيىتى، ئەقلىي قۇۋۋەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى، ھەۋەس خۇسۇسىيىتى ۋە باشقىلارغا ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممەيلەننىڭ باشقىچە پىكرى بولمايدۇ.

باللار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىدە باللارنى قىزغىن سۆيىدىغان قەلب بولۇشى، مېھرىبان ئانىلارچە قەلب بولۇشى، ئادەمگە خاس ھېسسىيات بولۇشى، ئادەمنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى يېزىپ چىقالايدىغان ماھارەت بولۇشى كېرەك.

شي بىڭشىن

يېزىقچىلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەملەر بىر نۇقتىدا بىردەك دېيىلسە، ئۇ نۇقتا مۇنۇدىن ئىبارەت: ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ۋە ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى تەپسىلىي، ئېنىق، كونكرېت يېزىشتىن ئىبارەت، دەپ قاراش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئابدۇقادىر ئاتاۋۇللا ئوغلانى

ئىزىمىز Play™

robot

ئىزىمىز بىلىم خەزىنىسى

هېكمەت قايسى تىلدا بولسا
هېكمەتتۇر، گۆھەر قايسى ساندۇقتا
بولسا گۆھەردۇر.

ـ «هېكمەتلىك سۆزلەر»دىن

ISBN 978-7-80744-287-5

9 787807 442875 >

（民文）定价：9.90元